بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە


❖ ئىســـرائىل ئەۋلادى ۋە يەھـــۇدىي ئۆلىمـــالىرى...
.................................مۇھەممەد يۈسۈپ 3

❖ شـــەرئىي سىياســـەت چۈشەنچىســـى...............
............................ ئوبۇلقاسىم ئەھمەدىي 9

❖ ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالىلارغا ھۆرمەت...............
...............................ئابدۇرېھىم دۆلەت 18

❖ دەۋادا بىرلىك روھى...........تاھىرجان ئابباس 31

❖ ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىلمىنىڭ رولى
. راغىپ سەرجانىي.. ئابدۇلھەمىد كەۋسەر تەرجىمىسى 36

❖ تارىخنىڭ ئاخىرى ۋە مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى.......
..يۈسۈپ قەرزاۋى .... ئابدۇلھەپىز زىيا تەرجىمىسى 46

❖ مـــۆجىزە ئىنكارچىلىرىغـــا رەددىـــيە...............
...............................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 58

❖ تەرەپپازلىق ياكى مېنـــىڭ تـــوغرا دەپ تـــۇرۇۋېلىش
....جامال مادى...ئابدۇلئەھەد ئۇجاد ئۆزلەشتۈرگەن 65

❖ شام دىيارىدا چاقنىغـــان ئۇيغـــۇر ـ ئەلـــلامە ئەلـــى
خوتەنىي...................ئابدۇللا روزىمۇھەممەد 71



مەرىپەت ژۇرنىلى
المعرفة

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2020

1 ـ سان
(ئومۇمىي 30 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ياسىن ئابدۇلھېكىم
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر-تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

*1.* ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

*2.* ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

*3.* تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.

*4.* ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.

*5.* ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

*6.* ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.

*7.* ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

*8.* ماقالىلەرنىڭ ھەجىمگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

*9.* ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

*10.* ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەم بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
*TEL: 0212-6243928*




﴿يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُوا بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ (40) وَآمِنُوا بِمَا أَنْزَلْتُ مُصَدِّقًا لِمَا مَعَكُمْ وَلَا تَكُونُوا أَوَّلَ كَافِرٍ بِهِ وَلَا تَشْتَرُوا بِآيَاتِي ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّايَ فَاتَّقُونِ (41) وَلَا تَلْبِسُوا الْحَقَّ بِالْبَاطِلِ وَتَكْتُمُوا الْحَقَّ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ (42) وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ (43) أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنْسَوْنَ أَنْفُسَكُمْ وَأَنْتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ (44) وَاسْتَعِينُوا بِالصَّبْرِ وَالصَّلَاةِ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى الْخَاشِعِينَ (45) الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُمْ مُلَاقُو رَبِّهِمْ وَأَنَّهُمْ إِلَيْهِ رَاجِعُونَ (46) يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُوا نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّي فَضَّلْتُكُمْ عَلَى الْعَالَمِينَ (47) وَاتَّقُوا يَوْمًا لَا تَجْزِي نَفْسٌ عَنْ نَفْسٍ شَيْئًا وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا شَفَاعَةٌ وَلَا يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا هُمْ يُنْصَرُونَ﴾ (48)

**تەرجىمىسى**

40. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار)، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، سىلەر مەندىنلا قورقۇڭلار.

41. مەن قولۇڭلاردىكى (تەۋرات)نى ئېتىراپ قىلغۇچى قىلىپ نازىل قىلغان قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى (بۇرمىلاپ) ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.

42. ھەقنى باتىلغا ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار.

43. نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، (ئاللاھقا) رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



44. كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟

45. (تائەت ـ ئىبادەتتە) چىداملىق بولۇش ۋە نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش بىلەن (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. شەكسىزكى، ناماز ئاللاھقا قەلبىدىن باغلانغان كىشىلەردىن باشقىسىغا ئېغىر كېلىدۇ[①].

46. (ئاللاھقا قەلبىدىن باغلانغانلار) رەببى بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

47. ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە (بىر زامانلاردا) سىلەرنى پۈتكۈل جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار.

48. كىشى كىشىگە قىلچە ئەسقاتمايدىغان، (ئاللاھ ئىجازەت بەرمىگۈچە) ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، كاپىرلارغا ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئىسرائىل ئەۋلادى بولغان يەھۇدىيلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ۋە ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىغا نۇرغۇنلىغان ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان ـ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا بارلىق مىللەتلەردىن ئەزىز ھەم ھۆرمەتلىك قىلغان؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ زۇلۇملىرىدىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇلاردىن ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىق، بارلىق ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەققەتلەرنى ئۆزگەرتمەسلىك، بۇرمىلىماسلىق ۋە ئالماشتۇرۇۋەتمەسلىك ھەققىدە ۋەدە ئالغان. ئاللاھ تائالا يەنە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە قىلغان. لېكىن يەھۇدىيلار ھەر زامان ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرغان، «تەۋرات»تىكى ھەققەتلەرنى، خۇسۇسەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەرنىڭ كۆپلىرىنى بۇرمىلىغان، بەزىسىنى كىتابلىرىدىن چىقىرىۋەتكەن.

① ئايەتتە كەلگەن «خاشعين» دېگەن سۆز «خشوع» نىڭ پائىل شەكلى بولۇپ، قەلبى ئاللاھ تائالاغا مەھكەم باغلانغان ۋە كۆڭلى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇرغاننى ئىپادىلەيدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ سۆزنى قورقۇش مەنىسىدە تەپسىر قىلغان.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغىچىلىك مەۋجۇت بولغان «تەۋرات»تا بەزى ھەقىقەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغاندەك، قەستەن ئۆزگەرتىش سەۋەبلىك «تەۋرات»تىن بولمىغان بەزى سۆزلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئورۇن ئالغان. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئەزەلدىن ئازغىنە دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى سېتىۋېتىشتىن ئىككىلىنىپ قالمىغان مىللەتتۇر.

ئاخىردا ئاللاھ تائالا يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنى ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ بۇرمىلىماسلىققا، يوشۇرماسلىققا، ئۆزگەرتىۋەتمەسلىككە، ھەممە پەيغەمبەر بۇيرۇپ كەلگەن ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشىغان پەرزلەرنى تولۇق ئورۇنداشقا بۇيرۇغان.

ئاللاھ تائالا «تەۋرات»نىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە ياخشى-يامانىنى بىلىدىغان يەھۇدىي ئۆلىمالىرىغا كايىپ دەيدۇكى، ئى يەھۇدىي ئۆلىمالىرى! سىلەرنىڭ ھالىڭلار نېمىدېگەن ئەپسۇسلىنارلىق، نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك ھە! سىلەر كىشىلەرنى «تەۋرات»قا ئەمەل قىلىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈڭلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايسىلەر، بارچە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭلار باشلامچى بولۇپ قىلىسىلەر. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرمەسلىكنىڭ ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر. ئۇنداق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار. ئەگەر سىلەر توغرىسىنى قىلماقچى بولساڭلار، سىلەرنى يامان ئىشلارغا چاقىرىدىغان شەيتىنىڭلارنى ۋە يامان نەپسىڭلارنى يېڭىش ئۈچۈن سەۋر بىلەن ناماز ئارقىلىق ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەڭلار. چۈنكى، سەۋر بىلەن ناماز روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان، نەپسنى پاكلايدىغان ۋە كۆڭۈلنى شاد قىلىدىغان ئەمەللەردۇر.

﴿الصبر﴾ (سەۋر) دېگەن سۆز لۇغەتتە: ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش[1] دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا چىدامچانلىق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، تەقدىرگە تەن بېرىش قاتارلىق ئۈچ مەنىدە كېلىدۇ. سەۋر «قۇرئان كەرىم»دىمۇ مۇشۇ ئۈچ مەنىدە كەلگەن.

**1. چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر**

چىدامچانلىق مەنىسىدىكى سەۋر —— ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشتا، ئەمەل-ئىبادەتتە ۋە ھەقىقەت يولىدىكى بارلىق كۈرەشلەردە مۇستەھكەم بولۇپ، چىدامچانلىق كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿**رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ هَلْ**

---

[1] «لسان العرب لابن منظور»4 - توم، 437 - بەت، «الصحاح للجوهري»706 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تَعْلَمُ لَهُ سَمِيًّا﴾ يەنى «ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شەيئىلەرنىڭ رەببىدۇر. شۇڭا، سەن ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلغىن، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتا چىداملىق بولغىن»[1] ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ (ئۇنى ئادا قىلىشقا) چىدامليق بولغىن﴾[2] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! چىدامليق بولۇڭلار، (دۈشمەنلەرگە قارشى) چىدامچانلىق كۆرسىتىڭلار، (جىھادقا) تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[3] دېگەن ئايەتلەردە كەلگەن «صبر» چىدامچانلىق مەنىسىدە كەلگەن.

2. ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدىكى سەۋر ئاچچىقىنى ۋە غەزىپىنى بېسىۋېلىش، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشتىن، گۇناھ ـ مەئسىيەت سادىر قىلىشتىن، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ﴿فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى رەببىڭنى مەدھىيەلەپ تەسبىھ ئېيتقىن﴾[4]، ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ﴾ يەنى ﴿ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا قىلىنغان يامانلىق قانچىلىك بولسا، (ئاشۇرۇۋەتمەستىن) شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر﴾[5] دېگەن ئايەتلەردىكى سەۋر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش مەنىسىدە كەلگەن.

3. تەقدىرگە تەن بېرىش

تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىكى سەۋر — ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرگە رازى بولۇپ، بالا ـ قازاغا ئاھ ئۇرۇپ كەتمەسلىك، قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمايدىغان قولدىن بېرىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش دېگەنلىكتۇر. ﴿وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ الَّذِينَ إِذَا أَصَابَتْهُمْ مُصِيبَةٌ قَالُوا إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ يەنى ﴿ئۆزىگە بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، بىز چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىمىز» دەيدىغان سەۋر قىلغۇچىلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن﴾[6]، ﴿فَاصْبِرْصَبْرًا جَمِيلًا﴾ يەنى ﴿چىرايلىقچە

---

[1] مەريەم سۈرىسى: 65 ـ ئايەت.
[2] تاھا سۈرىسى: 132 ـ ئايەت.
[3] ئال ئىمران سۈرىسى: 200 ـ ئايەت.
[4] قاف سۈرىسى: 39 ـ ئايەت.
[5] نەھل سۈرىسى: 126 ـ ئايەت.
[6] بەقەرە سۈرىسى: 155 ـ ئايەت.

سەۋر قىلغىن﴾[1]. بۇ ئايەتلەردىكى سەۋر بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر سەۋەبلىك ئۆزىنى يوقىتىۋەتمەسلىك ۋە تەقدىرگە تەن بېرىش مەنىسىدە كەلگەن.

﴿وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُوا أَجْرَهُمْ بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ يەنى ﴿(ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قاتارلىق شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشتا) چىداملىق بولغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتىنى چوقۇم ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن بېرىمىز﴾[2] دېگەن ئايەت يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك سەۋرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئايەتتىكى مۇكاپات ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان ئومۇمىي مۇكاپاتتۇر.

### سەۋر بىزنىڭ تىلىمىزدا ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ

ساقلاش ۋە كۈتۈش مەنىسىدىكى سەۋر— بىرەر ئىشنىڭ نەتىجىسىنى تېزلا كۆرۈشكە ئالدىراپ ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ۋە ھەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. چۈنكى ساقلاش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسىلەن: يەرگە ئۇرۇق سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ ھامان ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى ھەربىر ھەرىكەت ۋە جىمجىتلىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن ھالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلىنىمىزكى، لېكىن قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز. شۇڭا، بىزدە «سەۋر قىلسا، غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دەيدىغان ھېكمەت بار.

ئاللاھ تائالانىڭ سەۋر بىلەن نامازغا بۇيرۇغانلىقىنىڭ سىرى شۇكى، سەۋر دىنىنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە بۇ يولدىكى قىيىنچىلىق ھەم توسالغۇلارغا بەرداشلىق بېرىشتە ئەڭ ياخشى مەدەتكار بولغىنىدەك، ناماز ئەڭ كۈچلۈك روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. ناماز بەزى كىشىلەر ئۈچۈن قىيىن تۇيۇلىدۇ. ئەمما بۇ ناماز دىلى ئىمان ۋە ئېتىقاد بىلەن بېزەلگەن، چىن يۈرىكىدىن ئاللاھ تائالاغا باغلانغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھالاۋەتتۇر ۋە راھەتتۇر. چىن قەلبىدىن ئاللاھ تائالاغا باغلانغان بۇ كىشىلەر ئىمانىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ناماز، زاكات قاتارلىق بارلىق پەرزلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئورۇندايدۇ ھەم

---

[1] مەئارىج سۈرىسى :5 ـ ئايەت.
[2] نەھل سۈرىسى : 96 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كۆڭۈللىرىنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن خۇشال قىلالايدۇ. شەكسىزكى، ناماز مۇئمىن ئادەم ئۈچۈن خۇشاللىق ۋە ھالاۋەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جُعِلَتْ قُرَّةُ عَيْنِي فِي الصَّلَاةِ»يەنى «ناماز مېنىڭ خۇشاللىقىم قىلىندى»[①] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا بۇيرۇغان ناماز ئىسلام دىنىدىكى نامازمىدى ياكى يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئىتىدىكى مەخسۇس نامازمىدى؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئۇ ناماز ئىسلام دىنىدىكى ناماز ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب ئىسلام دىنىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان.

ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئۇلارغا ۋە ئەجدادلىرىغا ئاتا قىلغان كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاستە ياكى بەدەل ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! سىلەر ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن دىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئاخىرەتلىكلىرىڭلارنى ئۇنتۇپ قالىسىلەر؟ سىلەرنىڭ دىنىي دەستۇرۇڭلار بولغان «تەۋرات» سىلەرنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىدۇ؟!

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ھەربىر بەندە ئۈچۈن پەرزدۇر.

2. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

3. ھەقىقەتنى دادىل سۆزلەش پەزىلەت، ئۇنى يوشۇرۇش ئېغىر گۇناھتۇر.

4. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەردىن يوشۇرغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تېگىشلىك بولغۇچىلاردۇر.

5. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغانلارنىڭ قىلغان تەربىيەسى ئۈنۈملۈك بولمايدۇ.

6. قىيىنچىلىقلارغا چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن، ناماز بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

7. قىيامەت كۈنىدە كاپىرلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

---

① «سنن أبي داود» 7-توم، 61-بەت، 3940-ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھ»دەپ باھالىغان، «المعجم الصغير للطبراني» 2-توم، 39-بەت، 741-ھەدىس.




شەرئىي سىياسەت چۈشەنچىسى شەرئىي بىلىملەر ئىچىدە شەرەپلىك ۋە ئەھمىيەتلىك، لېكىن سەزگۈر ۋە نازۇك بىر تېمىدۇر. چۈنكى ئۇ، رەھبەرلەرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى توغرا ئىدارە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئىدارە قىلىشىغىمۇ ياردەم قىلىدۇ. شەرئىي سىياسەتنى بىلمەسلىك ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش ۋە ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قاتارلىقلار تەسۋىرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شەرئىي سىياسەتنى بىلمەسلىك دىن نامى بىلەن سىياسەتتىن يىراقلىشىشقا ياكى شەرئىي سىياسەت بىلەن شەرىئەتكە زىت سىياسەتلەرنى پەرق ئەتمەستىنلا ھەممىنى قوبۇل قىلىشا ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭغا سەل قاراش ۋە ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ رولىنى ئاجىزلىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى زايە قىلىۋېتىش ياكى زالىم سىياسەتچىلەرگە يېشىل چىراق يېقىپ بېرىش قاتارلىق خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شەرئىي سىياسەت ئىنسان ئاسان تېيىلىپ كېتىدىغان خەتەرلىك بىر ساھەدۇر. ھەقىقەتەن بۇ مەسىلىدە بەزى ئالىملار سەل قاراپ، شەرىئەتنى خەلق مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپ، نۇرغۇن ھەق-ھوقۇقلارنى زايە قىلىۋەتتى. يەنە بەزىلەر چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئەللاھ ۋە رەسۇلنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت ھۆكۈملەرگە يول ئېچىپ بەردى. بۇ مەسىلىدە سەل قاراش ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى يامان نەتىجىلەرنى ئېلىپ

كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى توغرا چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئادالەت بەرپا قىلىش ئىدى. ئاللاھ ئادالەتنىڭ يوللىرىنى بىر تۈرگىلا چەكلەپ قويمىدى، ئادالەت قايسى يول بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭ تەققەززاسى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ»[1].

شەرئىي سىياسەت قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئىككى ئايەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاۋۋالقى ئايەت رەھبەرلەرگە ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ۋە خەلق ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىپىنى يۈكلىسە، ئىككىنچى ئايەت، پۇقرالارغا (ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ئىشلاردا) ئۆزلىرىدىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغاندا، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىپىنى يۈكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿انَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ إِنَّ اللَّهَ نِعِمَّا يَعِظُكُمْ بِهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ سَمِيعًا بَصِيرًا. يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ

[1] إعلام الموقعين (283/4).

بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآَخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾

تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ،ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگەۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنىئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[2].

## شەرئىي سىياسەتكە بولغان ئېھتىياج ۋە ئۇنىڭ بەزى پايدىلىرى

شەرئىي سىياسەت خەلق مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىشنىڭ مۇھىم ئىشكىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭغا يېتەكچى ۋە رەھبەرلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەخسى ھاياتىنى، ئائىلىسىنى ۋە پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئىدارە قىلىشنى ئىزدەيدىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ

[2] سۈرە نىسا، 58 ـ 59 ـ ئايەتلەر.

ئېھتىياجى بار. بەزىلەر شەرئىي سىياسەتكە ئاللاھنىڭ شەرئىتى تەتبىقلىنىدىغان مۇستەقىل دۆلەت بولغاندىلا ئاندىن ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ، مۇستەقىل دۆلەت بولمىغاندا، شەرئىي سىياسەتكە ھېچقانداق ئېھتىياج تۇغۇلمايدۇ، دەپ قاراپ خاتالىشىدۇ. ئاللاھنىڭ شەرئىتى تەتبىقلىنىدىغان مۇستەقىل دۆلەتنى ئاۋۋال قەلبىدە قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى ئاللاھنىڭ شەرئىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئىدارە قىلالىغاندا، ئاندىن يەر يۈزىدە قۇرغىلى بولىدۇ.

شەرئىي سىياسەتنىڭ خەلقنى مەنپەئەتنى قوغداش، خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلەش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولغان خىرىسلارنى بىتەرەپ قىلىش، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ شەرئىتىگە ئۇيغۇن ئىدارە قىلىنىشىغا ياردەم بېرىش، شەرئىي ھۆكۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇرغۇن پايدىلىرى بار.

## شەرئىي سىياسەتنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىلىرى

سىياسەت لۇغەتتە، باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش، چارە ـ تەدبىر قوللىنىش، ئىسلاھ قىلىش، ياخشىلاش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدۇ[1].

قۇرئان كەرىمدە ئىسلاھ قىلىش، ياخشىلاش، ئۆزگەرتىش، بۇيرۇش، چەكلەش، ھۆكۈم قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان سىياسەت سۆزىنىڭ مەنا ۋە مەزمۇنلىرى كۆپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن سىياسەت سۆزى ئوچۇق كەلمىگەن. بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ سىياسەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ خۇددى ئەقىدە سۆزىگە ئوخشاش بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت ئەقىدە سۆزىنىڭ مەنا ۋە مەزمۇنلىرى كۆپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەقىدە سۆزى ئوچۇق كەلمىگەن. ۋاھالەنكى، ئەقىدە قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى كۆپ ئايلىنىدىغان تۈپ مەركەز ئىدى.

ئەمما ھەدىس كىتابلىرىدا، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «**كانت بنو إسرائيل تسوسهم الأنبياء**...» أي: **تتولى أمورهم كما يفعل الأمراء والولاة بالرعية**. يەنى «ھاكىملار خەلقنى باشقۇرغاندەك، پەيغەمبەرلەر ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلاتتى»[2].

شەرئىي سىياسەت ئىستىلاھتا، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە، زىياننىڭ

[1] **النهاية في غريب الحديث والأثر (421/2). الصحاح (938/3). المصباح المنير (295/2).**

[2] **متفق عليه.**

ئالدىنى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش؛ ھاكىمنىڭ ئالاھىدە بىر ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن چىقارغان قارارلىرى؛ ھاكىمنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى شەرىئەتكە كۆرە باشقۇرۇش جەريانىدىكى مەشغۇلاتلىرى قاتارلىق مەنالاردا قوللىنىدۇ.

شەرئىي سىياسەت پەقەت جازا ئىجرا قىلىش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش قاتارلىقلارغىلا قارىتىلمايدۇ، بەلكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋزەل ئۇسۇللارنى بەلگىلەش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىياسەتنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىلىرىگە كۆرە، سىياسەتنى شەرئىي سىياسەت دەپ قەيت قىلىشقا ھېچبىر ھاجەت يوق ئىدى. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە، شەرئىي ئىلىمنىڭ ئاجىزلىشى نەتىجىسىدە، شەرىئەتكە زىت سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، سىياسەتنى شەرئىي سىياسەت ۋە شەرىئەتكە زىت سىياسەت، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

شەرئىي سىياسەت بەزىدە، ئادىل سىياسەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: شەرىئەتنى ئەتراپلىق چۈشەنگەن كىشى ئادىل سىياسەتنىڭ شەرىئەت جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ شەرىئەتتىن باشقا بىر سىياسەتكە مۇھتاج بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئادىل سىياسەت بىلەن شەرىئەت ئوتتۇرىسىدا ھەرگىز زىتلىق بولمايدۇ. چۈنكى ئادىل سىياسەت ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ ئادالىتىدۇر.

شەرئىي سىياسەت بىلەن شەرىئەتكە زىت سىياسەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل ئۇ سىياسەتنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولىشى ياكى بولماسلىقىدۇر. ئەگەر شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسا، شەرئىي سىياسەت، ئۇيغۇن بولمىسا، شەرىئەتكە زىت سىياسەت بولغان بولىدۇ. شەرىئەتكە زىت سىياسەت ئادالەتسىز سىياسەت بولۇپ، شەرىئەت ئۇنداق سىياسەتكە قارشى تۇرىدۇ.

ئىمام مەقرىيزى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «سىياسەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، زالىمدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىدىغان ئادىل سىياسەت بولۇپ، ئۇ شەرئىي سىياسەت جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى، زالىم سىياسەت بولۇپ، شەرىئەت ئۇنى قاتتىق چەكلەيدۇ»①.

ئىمام مەقرىيزى رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ سۆزى، «دىنىدا سىياسەت يوق»، «سىياسەت نىجاسەتتۇر»، «ياخشى ئادەم سىياسەت بىلەن شۇغۇللانمايدۇ» دېگەندەك شۇئارلارنى توۋلاپ، دىن نامى بىلەن دىنىدىن سىياسەتنى ئايرىپ،

①المواعظ والاعتبار بذكر الخطط والآثار (384/3).

سىياسەتتىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرىگۈچىلەرگە ئوچۇق ۋە كۈچلۈك رەددىيەدۇر.

بۇلارنىڭ خەتىرى ھاكىمنىڭ شەرىئەتكە زىت بولغان سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى جائىزغا چىقىرىپ، سىياسەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ خەتىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ.

**بەزى مەشھۇرلارنىڭ شەرئىي سىياسەت ھەققىدە ئېيتقانلىرى**

1. خەلقنى پىتنە-پاسات ۋە بۇزۇقچىلىقلاردىن يىراق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان سىياسەت، گەرچە ئۇ ھەقتە ۋەھيي چۈشمىگەن ياكى رەسۇلۇللاھتىن بەلگىلىمە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. — ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ.

2. مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان سىياسەت شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. — ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ.

3. خەلقنى پىتنە-پاسات ۋە بۇزۇقچىلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تۈزۈلۈشكە يېقىن قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت، گەرچە ئۇ توغرىدا ۋەھيي چۈشمىگەن ۋە رەسۇلۇللاھتىن بەلگىلىمە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. — ئىبنى ئەقىل رەھىمەھۇللاھ.

4. شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرى، ھۆكۈملىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن سىياسەت شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. (د. يۈسۈپ قەرزاۋى)

5. جەمئىيەتتە تەڭپۇڭلۇق، بىرلىك-باراۋەرلىك ۋە خاتىرجەملىكنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىنسانلار ھاياتىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان، ھاكىم بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ۋە پايدا بىلەن زىياننى سېلىشتۇرىدىغان تەدبىر؛دوستنى كۆپەيتىدىغان، دۈشمەننى ئازايتىدىغان ماھارەت شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. — د. ئابدۇلكەرىم بەككار.

6. پىرىنسىپ بىلەن مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈپ، زامان ۋە ماكان شارائىتىغا كۆرە، ئىمكانىيەت ئىچىدە ئىدارە قىلىش ماھارىتى شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. — د. مۇھەممەد مۇختار شەنقىيتى رەھىمەھۇللاھ.

7. خەلق پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەخەلق ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاستە شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. — سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ رەھىمەھۇللاھ.

8. قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ رەت-تەرتىۋىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھېچقايسىنى قولدىن بەرمەسلىك؛ زىيانلىق ئىشلارنىمۇ ئالدىن بايقاپ، ياخشى چارە-تەدبىر قوللىنىپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش؛ ئەمەلىي رېئاللىق ئاساسىدا، بار ئىمكانىيەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئاز زىيان بىلەن چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەلتۈرۈش قاتارلىقلار شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. ــ كۆپ سانلىق ئۆلىمالار.

دېمەك، مىللەت ۋە ئۇممەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىنى شەرىئەتكە زىت كەلمەيدىغان شەكىلدە ئىدارە قىلىش شەرئىي سىياسەتتۇر. چۈنكى شەرئىي سىياسەت شەرىئەت دەلىللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى قۇرئان،ھەدىس، ئىجما، قىياس قاتارلىق شەرىئەت دەلىللىرى، قائىدە ۋە پىرىنسىپلىرىغا زىت كېلىپ قالماسلىقنى شەرت قىلىدۇ.

**شەرئىي سىياسەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ شەرتلىرى**

شەرئىي سىياسەت ھۆكۈملىرىنىڭ قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، قىياس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دەلىللىرىگە زىت بولماسلىقى شەرتتۇر. ئەمما شەرئىي سىياسەت ھۆكۈملىرىگە قۇرئان، ھەدىستە تەپسىلىي دەلىل كەلمەسلىكى زەرەر قىلمايدۇ. بەلكى مۇھىم بولغىنى ئاشۇ ھۆكۈملەرنىڭ قۇرئان، ھەدىستىكى تەپسىلىي دەلىللەردىن بىرەر دەلىلگە زىت بولماسلىقىدۇر. ئىبنى ئەقىل رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك، خەلقنى پىتنە-پاسات ۋە بۇزۇقچىلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، تۈزۈلۈشكە يېقىن قىلىدىغان ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت شەرئىي سىياسەت بولىدۇ.

**شەرئىي سىياسەت ھۆكۈملىرى**

**شەرئىي سىياسەت ھۆكۈملىرىدىن بەزى مىساللار:**

1. خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆپ قارىلار شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تېرە ۋە تاختىلارغا يېزىلغان ئايەتلەرنى يىغىپ، قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىگە كەلتۈرگەنلىكىدۇر. خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تېرە ۋە تاختىلارغا يېزىلغان ئايەتلەرنى يىغىپ توپلاپ، قۇرئان كەرىمنى كىتاب شەكلىگە كەلتۈرۈش مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان.

2. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بولمىغان يۈتۈكچىلەرنى بەلگىلىگەنلىكىدۇر. بۇ، دەۋرىمىزدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇلار دۆلەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ۋە مائاشلىرىنى خاتىرلەپ ماڭاتتى.

3. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زېمىن ئىگىلىرىگە باج تۆلەشنى پەرز قىلغانلىقىدۇر. ۋاھالەنكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن زېمىن ئىگىلىرىگە باج تۆلەش يولغا قويۇلمىغانىدى. چۈنكى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭدا خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش

بار، دەپ قارىغان.

4. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ نېسىۋىسىنى زاكاتتىن بەرمىگەنلىكىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنىڭ زاكاتتىن بېرىلىشىنىڭ قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق دەلىلى بار ئىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[①]. لېكىن خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ دەلىلدە ئىجتىھاد قىلىپ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئەمەس، بەلكى ئىللەت ۋە سەۋەب تېپىلغاندا شۇنداق بولىدۇ، دەپ قارىغان ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھازىر ئاللاھ ئىسلامنى ئەزىز قىلىپ، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلاردىن بىھاجەت قىلدى».

5. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەرخىل قىرائەتلەر بىلەن يېزىلغان قۇرئان نۇسخىلىرىنى يىغىپ كۆيدۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى بىرخىل نۇسخىدا يېزىلغان قۇرئانغا يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگەتكەنلىكىدۇر. چۈنكى ئۇ، ھەرخىل قىرائەتلەر بىلەن يېزىلغان قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، ئۇلارنى بىر خىل قۇرئانغا يىغىش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ، دەپ قارىغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرئىي سىياسەت جۈملىسىدىندۇر.

## شەرئىي سىياسەتنىڭ تېمىلىرى

ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، بەيتۇلمال نىزاملىرى، ھاكىم ۋە مەھكۇم مۇناسىۋەتلىرى، ئىسلام ئىقتىساد نىزاملىرى، ئىسلام سىياسىي تۈزۈملىرى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان شەرئىي سىياسەتنىڭ يەنە نۇرغۇن تېمىلىرى بار.

## شەرئىي سىياسەتنىڭ مەنبەلىرى

شەرئىي سىياسەت ھۆكۈملىرى شەرئىي ھۆكۈملەر جۈملىسىدىن سانالغانلىقى ئۈچۈن، شەرئىي سىياسەتنىڭ مەنبەلىرى ئىسلام شەرىئىتى مەنبەلىرىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇلار كۆپ ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن، قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ ۋە قىياس قاتارلىقلاردۇر.

## شەرئىي سىياسەتنىڭ دائىرىسى

شەرئىي سىياسەتنىڭ دائىرىسى: ھۆكمىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان شەرئىي دەلىل كەلگەن دائىرە؛ ھۆكمىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىدىغان شەرئىي دەلىل كەلمىگەن، لېكىن شەرىئەتكە زىت

[①] سۈرە تەۋبە 60 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولمايدىغان، بەلكى شەرىئەتنىڭ ئۇسۇل، قائىدە ۋە مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دائىرە، دەپ ئىككى دائىرىگە ئايرىلىدۇ.

**شەرئىي سىياسەتنىڭ قائىدە ـ نىزامى**

سىياسەت خەلقنىڭ ھاياتىغا ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىگە ئالاقىدار نەرسە بولۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا زىت بولماسلىق شەرتى بىلەن، خەلق شۇ مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ كۆرگەن ۋە تاللىغان سىياسەت شەرئىي سىياسەت ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، شەرئىي دەلىللەرگە زىت بولمىغان ھەرقانداق سىياسەت شەرئىي سىياسەت بولىدۇ. چۈنكى شەرىئەت مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھەرقانداق سىياسەت شەرئىي سىياسەت ھېسابلىنىدۇ.

**شەرئىي سىياسەت قائىدە ـ نىزامىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى**

شەرئىي نىزام رەببانىي نىزام بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنى باشقا ھەرقانداق يەرلىك نىزاملاردىن پەرقلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى بېرىدۇ:

1. خاتا ۋە زىتلىقتىن خالىي. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «وَلَوْ كَانَ مِنْ عِنْدِ غَيْرِ اللَّهِ لَوَجَدُوا فِيهِ اخْتِلَافًا كَثِيرًا» تەرجىمىسى: «ئەگەرئۇ ئاللاھتىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»[1].

2. تەرەپۋازلىق ۋە نەپسى خاھىشتىن خالىي. چۈنكى يەرلىك قائىدە ـ نىزاملاردا كۆپىنچە بىر تەرەپنى زىيانغا ئىتتىرىپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە رىئايە قىلىنغان بولىدۇ.

3. بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىش قىزغىنلىقى يۇقىرى. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتى ئىنسانلارغا بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىشتىن باش تارتىدۇ، لېكىن بۇ نىزامنىڭ ئاللاھتىن كەلگەن نىزام ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئاللاھ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دەرھال بويسۇنىدۇ.

**شەرئىي سىياسەت نىزامى بىلەن يەرلىك نىزاملار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق**

شەرئىي نىزام بىلەن باشقا يەرلىك نىزاملارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خالىق بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ئاللاھقا ھېچقانداق بىر مەخلۇق ئوخشىمىغاندەك، ئاللاھنىڭ نىزامىغا ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ نىزاملىرىدىن ھېچبىرى ئوخشىمايدۇ. بەلكى بۇ ئىككى نىزام ئوتتۇرىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. ئاللاھنىڭ نىزامى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان مۇكەممەل نىزامدۇر. ئەمما يەرلىك نىزاملار ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئىلىملىرىگە كۆرە، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى

[1] سۈرە نىسا، 82 ـ ئايەت.

ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۆزلىرى چىقارغان نىزاملاردۇر.

## سەل قاراش بىلەن چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى شەرئىي سىياسەت

بەزىلەر ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ئوچۇق دەلىلى بولمىغان سىياسەتنى شەرئىي سىياسەت دېگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ، شەرئىي سىياسەتكە سەل قاراش بولۇپ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغان نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ساھابە كىراملار ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن ئوچۇق دەلىلى بولمىسىمۇ، لېكىن شەرئىي مەنپەئەتلەر دائىرىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغان.

يەنە بەزىلەر بۇ مەسىلىدە، ئىجتىھاد قىلىش جايىز بولىدىغان ئۆزگىرىشچان پىرىنسىپلار دائىرىسىدىن چەتنەپ كېتىپ، ئىجتىھادقا ئورۇن بولمىغان ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلار دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىسلامنىڭ زامان ۋە ماكانلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان پىرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇنغانلىق بولۇپ، بۇمۇ ياخشى بولمىغان نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

دېمەك، شەرئىي سىياسەتكە سەل قاراپ، ھەق ـ ھوقۇقلارنى زايە قىلىۋېتىش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت كېلىدىغان ھۆكۈملەرگە يول ئېچىپ بېرىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياخشى بولمىغان نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ياشاشنى ئىزدەيدىغان ھەربىر مۇسۇلمان، بولۇپمۇ جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارنى ئىدارە قىلىۋاتقان يېتەكچى ۋە رەھبەرلەر شەرئىي سىياسەتنى ياخشى چۈشىنىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىمەنكى، شەرئىي سىياسەتنىڭ لۇغەت ۋە ئىستىلاھ مەنىلىرى، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ شەرتلىرى، ھۆكۈملىرى، ماۋزۇلىرى، مەنبەلىرى، دائىرىسى، نىزامى، ئالاھىدىلىكلىرى، شەرئىي سىياسەت نىزامى بىلەن يەرلىك نىزاملار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، سەل قاراش بىلەن چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ئوتتۇرىسىدىكى شەرئىي سىياسەت قاتارلىق يۇقىرىدا ئىخچام بايان قىلىنغان تارماق تېمىلار ئەسلىدە، شەرئىي سىياسەتنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ئاساسلار بولۇپ، ئاز دېگەندە ھەربىرى بىردىن ئايرىم ماقالە بولۇشقا تېگىشلىك چوڭ تېمىلار ئىدى. لېكىن يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، شەرئىي سىياسەت تېمىسى سەزگۈر بىر تېما بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرگە ئاسانلىق يارىتىش مەقسىتىدە جەۋھىرىنى يىغىپ، بۇ بىر ماقالىغا يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلدى. ئىنشائاللاھ، بۇ ماقالە، شەرئىي سىياسەت چۈشەنچىسى ئۈچۈن بىر باشلىنىش بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلارغا ھۆرمەت

ئابدۇرېھىم دۆلەت

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئۇيغۇرلاردا ئائىلە تەربىيىسىدە ئەڭ سەل قارىلىدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى، ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپىتى مەسىلىسىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا، قورسىقىنى يادلىشىغا، يەنى ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنىلا بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىگەنلىك دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرى بىلەن بالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپىتى قانداق بولۇۋاتىدۇ دېگەننى بەك ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا، بالىلار تەربىيىسىدە مەن ئاتا ـ ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن بالىلىرىمغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشۇم لازىم؟ پاراڭلاشقاندا قانداق تەلەپپۇزدا، قانداق جۈملىلەرنى ئىشلىتىشىم لازىم؟ ئۇلار بىلەن بولغان كۈندىلىك ئالاقىدە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىم لازىم؟ دېگەندەك بالىلار تەربىيىسى ئۈچۈن ئەڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ تەرەپلەر دائىما نەزەر سىرتىدا بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە، تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنىڭ كونكېرت شەكلى، سۆز قىلىش ئۇسۇلى (ماختاش، تەنقىتلەش، تىللاش، ھاقارەتلەش، كەمسىتىش، تاپا ـ تەنە قىلىش، سېسىق گەپ قىلىش... قاتارلىق)، ئىش ـ ھەرىكىتى (قۇچاقلاش، بېشىنى سىلاش، سىلكىشلەش، ئۇرۇش، تېپىش، چىمدىۋېلىش.. قاتارلىق) قاتارلىق ئۇششاق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ قانداق

ئادەم بولۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ھەممىمىز ئائىلە مۇھىتىنىڭ مۇھىملىقىنى دېيىشسەكمۇ، بۇ مۇھىتنىڭ ماھىيەتتە دەل ئاتا-ئانىلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇششاق ھەرىكەتلىرىدىن شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئويلىمايمىز.

بالام بولغاندىكىن مېنىڭ چوقۇم گېپىمنى ئاڭلايدۇ، چوقۇم مەن دېگەن يولدىن ماڭىدۇ، مەن باققاندىكىن چوقۇم ماڭا كۆيۈمچان بولىدۇ، ۋاپادار بولىدۇ دەپ ئويلىۋالغان ساناقسىز ئاتا-ئانىلار، مانا ھازىر 15، 16 ياشقا كىرگەن بالىلىرىدىكى ئۆزلىرى ئويلاپمۇ باقمىغان ئۆزگىرىشلەردىن گاڭگىرىماقتا، مەن دېگىنىنى قىلىپ بەرگەن تۇرسام، كىچىكىدىلا قۇرئان يادلاشقا بەرگەن تۇرسام، دىندا ئوقۇتقان تۇرسام، ياخشى ئۇستازغا تۇتقۇزغان تۇرسام يەنە قانداقسىگە مۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ دەپ بالىلىرىدىكى بۇ سەلبىي ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنەلمەي قالماقتا. ھازىر بالام مەن بىلەن پاراڭلاشمايدۇ، ئوچۇق-يورۇق پاراڭلىشالمايمىز، ئۆيدىن قاچىدۇ، باشقىلار بىلەن تېپىشىۋاپتۇ، چېكىدىغان بوپقاپتۇ دېگەن شىكايەتلەر ھازىر پەقەت يېڭىلىق ئەمەس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئەپسۇسلىنارلىقى ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ ھادىسىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. ھازىرقى بالىلار بۇزۇلۇپ كەتتى، بالىلارنى چەتئەل بۇزۇۋەتتى، دوستلىرى بۇزۇۋەتتى، مەكتەپ بۇزۇۋەتتى، تور بۇزۇۋەتتى، تېلېفون بۇزۇۋەتتى، ئويۇن بۇزۇۋەتتى... مانا بۇلار بىزنىڭ بالىلارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ يەتكەن ئومۇمىي خۇلاسىلىرىمىزدۇر. بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بالىلىرىمىزنى پۈتۈنلەي تاشقى سەۋەبلەر بۇزۇۋەتكەن بولۇپ، بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدە ھېچ ئاتا-ئانا يوق. ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ ھازىر چەتئەلدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ تەربىيەلەش ئۇسۇلى ۋە پوزىتسىيەسىدە پەقەت مەسىلە يوقمۇ؟ يەنى بالىلارنى بۇزۇۋەتكەن ئامىللارنىڭ ئىچىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ خاتا چۈشەنچە ۋە ئۇسۇللىرى يوقمۇ؟ مەنچە بۇنى ياق دەپ ئىنكار قىلىش بەك قىيىن. قارىشىمچە، مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، نوقۇل بىر قاتار تاشقى ئامىللاردىن باشقا، ئائىلىلەردىكى ئاتا-ئانا پەرزەنت مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپىتىنىڭ ناچارلىقى ئالاھىدە مۇھىم ئامىلدۇر.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەي، ئاتا-ئانىلاردىكى بۇ خىل تاشقى مۇھىتنى سەۋەب ئىزدەش خاھىشىنىڭ خەتەرلىك تەرىپى شۇكى، بۇ ئاتا-ئانىلارغا ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، ئۆگىنىش ئېھتىياجى ھېس قىلدۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇلارچە مەسىلىنى تاشقى سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، يەنە شۇ تاشقى سەۋەبلەر ئۆزگەرسە مەسىلىمۇ ھەل بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ تاشقى سەۋەبلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزلۈكىدىن ئۆزگىرەمدۇ؟ يۇقىرىدا مەن تىلغا ئالغان تاشقى سەۋەبلەردىن بىز قۇتۇلالايمىزمۇ؟ ھەتتا بىز ياشاۋاتقان مۇھىتىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىزمۇ؟ يەنى، بۇنداق تاشقى ئامىلغا ئارتىش بىلەن بىز بىر چىقماس كوچىغا كىرىپ قالىمىز، بىزگە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تۇتقۇزمايدۇ، تاشقى ئامىلغا كۈچىمىز يەتمىگەن ھالدا، ئىشنى پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشىلاش، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىيالايمىز.

گېپىمىزگە قايتىدىغان بولساق، قەيت قىلغىنىمدەك، ئاتا-ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپىتى مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىكى ئەڭ سەل قارىلىدىغان ئەمما باللارنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن ئەڭ ھالقىلىق بىر مەسىلىدۇر. بۇ مۇناسىۋەتتىكى ساغلام بولمىغان تەرەپ مېنىڭچە، ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارنى چۈشەنمەسلىكنى مەنبە قىلغان ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىنى يېتەرلىك ھۆرمەت قىلماسلىقى بۇنىڭ تېخىمۇ كونكرېت شەكلىدۇر. كۆزىتىشىمچە، يۇقىرىقىدەك ئائىلىسى، ئاتا-ئانىسىدىن يىراقلىشىۋاتقان، راھەت ئۆيۋىنى باشقىلاردىن، سىرتتىن ئىزدەۋاتقان باللارنىڭ كۆپىنچىسى دەل ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن ئائىلىدە يېتەرلىك ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن باللاردۇر.

بىز مەركىزىي تېمىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئاۋال تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە بىر قاراپ چىقايلى.

چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما!

كىچىككىنە تۇرۇپ ئېغىز غېرىچلاپ! ساقالغا ئېسىلىپ!

سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟

كۆرمىدىڭمۇ ئالدىراشلىقىمنى!

سەن بۇنى چۈشەنگىلى تېخى ئالتە قاپاق پىششىقى بار.

تېخى ماڭا ئىش ئۆگىتىپ كەتكىنىنى.

ۋاي بەك ئەقىللىق بوپكېتىپلىغۇ؟

كىچىك بالا دېگەنچۇ!...

ھۇ دۆت!

ھۇ قاپاقۋاش!

پوقنى ئىككى قىلالمايدىغان!

تېخى مەن بىلەن گەپ تالاشقىچىلىك بولدۇڭمۇ؟!

بولغىنىڭ مۇشۇ سېنىڭ!

قولىدىن پوق كەلمەيدىغان!

يۇقىرىقى جۈملىلەر بەلكىم سىزدە مۇنداق ئىككى خىل ئەسلىمىنى ئويغاتقان بولۇشى مۇمكىن: بىرى، باللىقىڭىزدا سىز ئاتا-ئانىڭىزدىن ئاڭلىغان تىللار، ئىككىنچىسى، ھازىر سىز باللىرىڭىزغا ئىشلىتىدىغان تىللار. ئەلۋەتتە، سىز

بۇنداق تىللارنى ئاڭلاپ چوڭ بولمىغان بولۇشىڭىز، ھازىر بالىڭىزغىمۇ بۇ خىل سۆزلەرنى قىلماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، تەخمىنىمچە، مۇتلەق كۆپىمىزگە يۇقىرىقى ھاقارەتلىك، قاتتىق تىللار ناتونۇش ئەمەس. بۇلارنىڭ تونۇشلۇق بىلىنگىنىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرىنىڭ بالىلىرىنى قانداقراق دەرىجىدە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىغا دىئاگنوز قويۇشتا مەلۇم ئۆلچەم بولالايدۇ. شۇڭلاشقا مەن بالىلارنى ھۆرمەتلەش تېمىسىدا ھەربىر ئاتا-ئانىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى باھا بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىپادىسى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمەن. بۇ ھەقتە ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئادىل، ھەققانىي مۇئامىلە قىلىپ باقساقلا، ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق دىئاگنوز قويالايمىز. شۇنداقتىمۇ، مەن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلار بالىلارنى يېتەرلىك ھۆرمەت قىلمايدۇ دەپ باھا بېرىمەن.

تۆۋەندە مەن بالىلارغا بولغان ھۆرمەت نېمىنى مەنبە قىلىدۇ؟ دېگەن سوئال ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىمەن. چۈنكى، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بۇ ھەقتىكى نۇقسان، خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

شۇ ئېنىقكى، مۇناسىۋەت ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە بىرلا تەرەپ مەۋجۇت بولمايدۇ، چوقۇم ئەڭ ئاز دېگەندە باشقا يەنە بىر تەرەپ كېرەك. مۇناسىۋەتلەر ئارىسىدا ئىپادىلىنىدىغان كونكرېت ھەرىكەتلەر تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىككى تەرەپنىڭ بىر-بىرىنىڭ كىملىكىنى قانداق تونۇشىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر مەن بىراۋنى دوستۇم دەپ تونۇسام، تەبىئىيلا ئۇنىڭغا سەمىمىي، ساداقەتمەن بولۇشۇم كېرەك بولىدۇ، بىراۋنى ئۇستازىم دەپ تونۇسام، ئۇنى تەبىئىيلا ھۆرمەتلەيمەن، شۇنداقلا مەلۇم بىرىنى دۈشمىنىم دەپ بىلگىنىمدە بولسا، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشىم،ھەتتا نەپرىتىم چېكىگە يەتكىنىدە، پۇرسىتىم بولسا ئۇنىڭغا قولۇمدىن كەلگەن يامانلىقنى قىلىشىم مۇمكىن. مەندىكى بۇ ساداقەتمەنلىك، ھۆرمەت، نەپرەت قاتارلىق پەرقلىق ئىپادىلەر، ماھىيەتتە قارشى تەرەپنىڭ كىملىكىنى قانداق تونۇشۇمدىن كەلگەن. مۇشۇ بويىچە ئويلانغىنىمىزدا سۆز-ھەرىكىتىمىزدىكى بالىلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ئىپادىلىرى، بىزنىڭ بالىلارنى ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك بىر ئىنسان دەپ تونۇمايدىغانلىقىمىزنى ياكى تونۇساقمۇ بۇ تونۇشىمىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى بەلگىلىگۈچىلىك كۈچى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىلىمىزدىكى ‹كىچىك بولغاندىكىن ئارىلاشما، كىچىك بالا دېگەن... دېگەندەك كىچىك بالا كەلىمىسى ئىشلىتىلگەن جۈملىلەردە، ‹كىچىك، كىچىك بالا› دېگەنلەر يوشۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىر كەمستىشنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى كىچىك بالا ئەقىلسىز بولىدۇ، ئىش بىلمەيدۇ، شۇڭا چوڭلارنىڭ پارىڭىغا قوشۇق سېلىش سالاھىيتى يوق، دېگەندەك چۈشەنچىلەر ئەمەلىيەتتە ئېڭىمىزغا چوڭقۇر يەرلەشكەن. بالىلارنىڭ سۆزىمىزگە ئارىلىشىشىنى قويۇپ تۇرايلى، قانچىلىك ئاتا ـ ئانا بالىلىرىغا بەرگەن ۋەدىسىنى (مەسىلەن: كەچتە شاكىلات ئالغاچ كېلەي، شەنبە كۈنى باغچىغا ئاپىراي...) ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆكۈنۈپ كېتىدۇ؟ ئەگەر ئوخشاش ۋەدىنى چوڭلارغا بېرىپ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىچۇ؟ بۇنى ھەممىمىز روشەن تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بىزنىڭ بالىلارنى كىچىك دەپ تونۇشىمىز ـ يەنى، ئۇلارنى ئەقلى كەمتۈك، ئىش ئۇقمايدۇ دەپ تونۇش ـ ئۇلارغا سەل قاراش، چوڭ بىلمەسلىك، ئۇلارنىڭ پسىخىك ئېھتىياجلىرىغا سەل قاراشنى ئەقلىيلەشتۈرگەن بولۇپ، ھېچكىم بۇ ھەقتىكى پەرۋاسىزلىقلىرىغا ئازابلىنىپ ئولتۇرمايدۇ. قىلغانلىرىنى ھېچ خاتا دەپ ھېسابلىمايدۇ.

كىچىك بولغاندىكىن:

چوڭلارنىڭ قارارىغا غىڭ قىلماسلىقى كېرەك؛

بەرگەن پەرۋاسىز ۋەدىلىرىمىزنى ئورۇنلىمساق غىڭ قىلماسلىقى كېرەك؛

بىز بىلەن مۇنازىرىلەشمەسلىكى كېرەك؛

قاراشلىرىنى ئەركىن دېيەلمەسلىكى كېرەك، ئۇنداق بولسا بىزنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقى بولىدۇ؛

بۇنداق چۈشەنچىلەرنى يەنە تېخىمۇ كۆپ يازالىشىمىز مۇمكىن، مانا مۇشۇلار بىزنىڭ ئېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن چۈشەنچىلەردۇر، ۋە بۇ چۈشەنچىلەر بىزنىڭ بالىلارنى ھۆرمەت قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدىغان بىر ئوبيېكت دەپ تونۇشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بالىلارنى قاپاقتا باشقۇرۇش، ئاتا ئانا بار يەردە بالىلارنىڭ غىڭ قىلالماسلىقى، ھەممە گېپىمىزنى شەرتسىز ئاڭلايدىغانلىقى دېگەندەكلەر نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ماختىنىدىغان ئىشلاردۇر.

بالىلارنىڭ كىچىكلىكى، ئەقلىنىڭ چوڭلاردەك ئەمەسلىكى، تەجرىبىسىزلىكى، ئاجىزلىقى دېگەنلەر ھەرگىزمۇ بالىلارنى ھۆرمەتلىمەسلىكىمىزگە بولىدىغانلىقىنىڭ باھانىلىرى بولالمايدۇ، ئەكسىچە بۇ ئۇلارغا تېخىمۇ كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنى تەربىيەلەشنىڭ سەۋەبلىرى بولۇشى كېرەك، چۈنكى، بالىلارنىڭ كىچىكلىكىدىن كېلىپ چىققان نۇقسانلىرى ئۇلارنىڭ تاللىشى ياكى خاتالىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە بىكىتكەن قانۇنىيىتىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك مەسىلىسىنى تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەھلىل قىلساق،

بۇنىڭ ئەسلىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ روھىي ئالەمنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بالىلارنىڭ ھۆرمەتلىنىش ئېھتىياجىنىڭ بارلىقى نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئويلىنىپ باققان بىر تېما بولۇشىمۇ ناتايىن. ۋەھالەنكى، ھۆرمەتلىنىش چوڭلارنىڭلا ئەمەس، بالىلارنىڭمۇ تۇغما پىسخىك ئېھتىياجلىرىدىن بىرىدۇر. بىر ئىنساننى ھەقىقىي مەنىدە قەدىرلەشنىڭ يولى ئاۋال ئۇنىڭ مەنىۋى ئېستەكلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. بالىلارغا نىسبەتەنمۇ مۇشۇنداق. چۈنكى، ئىسلامنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىنسان روھ بىلەن تەننىڭ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە گەۋدە بولۇپ، بۇ ھەقىقەت ئىنسانلاردىن بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە بۇ ھەر ئىككى قىسمىنى نەزەرگە ئېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ قىسىملارنى نەزەرگە ئېلىش دېگىنىمىز بولسا، ماھىيەتتە، تەن ۋە روھنىڭ ئېھتىياج، ئېستەكلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئاللاھ بەدەنگە يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاش، كىيىنىش دېگەندەك جىسمانىي ئېھتىياجلارنى ياراتقان بولسا، روھىمىزغا بىلىش، تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ئىجاد قىلىش دېگەندەك ئەقلىي ئېھتىياج؛ سۆيۈلۈش، ھۆرمەتلىنىش، ئەركىنلىك دېگەندەك مەنىۋى ئىستەك ـ ئېھتىياجلارنى ياراتقاندۇر. ئىنسانلارنىڭ مانا بۇ خىلمۇ ـ خىل روھىي ئېستەكلىرى، باشقىچە ئېيتقىمىزدا پىسخىك ئېھتىياجلىرى، ئاللاھنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئورنىتىۋەتكەن تەبىئىي ئىنتىلىشلىرىدۇر. خۇددى بەدەن ئوزۇقلۇققا قانداق ئېھتىياجلىق بولسا، روھىمىزمۇ ئەنە شۇ بېكىتىۋېتىلگەن ئېھتىياجلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا شۇنداق ئېھتىياجلىقتۇر، ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقىنىمىزدا، ئىنساننىڭ مانا مۇشۇنداق تۇغما پىسخىك ئېھتىياجلىرى يېتەرلىك قاندۇرۇلمىغىنىدا، خۇددى ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز، زەئىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغىنىدەك، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلا كەمتۈك، ئاجىز، ساقسىز، كېسەل بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئىنسان روھ بىلەن تەننىڭ بىرىكمىسىدۇر دېگەن بۇ ھۆكۈمدىن، ئىنسانلار ئۆز ـ ئارا مۇئامىلىدە چوقۇم تەن ۋە روھنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەڭ نەزەرگە ئېلىپ، مۇئامىلە ھەرىكەتلىرىنى تاللىشى ۋە تەڭشىشى كېرەكتۇر دېگەن خۇلاسە تەبىئىي كېلىپ چىقىدۇ.

بالىلارنى ھۆرمەتلەش نېمىشقا شۇنداق مۇھىم؟ ياكى ھۆرمەتلىنىشتىن ئىبارەت بالىلارنىڭ بۇ تۇغما پىسخىك ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىغىنىدا، بالىلارغا قانداق زەرەرى بولۇشى مۇمكىن؟ تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىمەن.

ئاۋال شۇنى دېيەلەيمىزكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تېگىشلىك ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تىل زورلاۋاتلىقى ئاستىدا (مەسخىرە، تىل-ھاقارەت، تاپا-تەنە، كىنايە قاتارلىقلار) چوڭ بولغان، ئۆزىنى ئىپادىلەش پۇرسىتى بولمىغان باللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەن بولىدۇ، ئۆزىنى باشقا قۇرداشلىرىدىن تۆۋەن كۆرىدۇ. چۈنكى باللارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئۆزى ئائىلىدە باللارغا تېگىشلىك ئورۇننى، قەدرى-قىممىتىنى، مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدىن باللار ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغىنىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ باللاردا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى پەيدا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئوزۇقتۇر. باللارمۇ ئۆزىنىڭ زادى قانداق بىر بالا ئىكەنلىكىنى، يەنى قىممىتىنى، يارامىلىق ياكى يارامسىزلىقىنى، قەدىرلىك ياكى قەدىرسىزلىكىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن بىلىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ باللىرىنىڭ ئىشلىرىغا قايتۇرغان ئىنكاسى-ئىجابىي ياكى سەلبىي باھالىرى-باللارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قولۇڭدىن پۇق كەلمەيدۇ دېگەن ئىنكاسنى جىق ئاڭلاپ چوڭ بولغان باللار ئاستا-ئاستا شۇ گەپكە ئىچىدىن ئىشىنىپ، راست مېنىڭ قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدى، دېمەك كەلمەيدىكەن دەپ بۇ تۇيغۇنى ئۆزلەشتۈرىدۇ ۋە بۇ خىل تۇيغۇ باللارنى مەغلۇپ بولسا قايتا سىناپ بېقىشتىن، تىرىشچانلىقتىن توسۇپ قويىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى مەن بەربىر قىلالمايمەن، قولۇمدىن ئىش كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. كىچىكلەرلا ئەمەس، چوڭلارمۇ باشقىلارنىڭ باھاسىنىڭ زور دەرىجىدە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ ئوخشاش باھا قايتا-قايتا تەكرارلانسا، باشتا كىشىلەرنىڭ ئۇ خىل باھالىرىغا قوشۇلمىسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ باھاسىدىن گۇمانلىنىپ باشقىلارنىڭ باھاسىنى قوبۇل قىلىپ قالىدۇ. كىچىكلەر پسىخىك جەھەتتىن تېخىمۇ پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى ھېس قىلىشىغا نىسبەتەن چوڭلارنىڭ بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ باھاسى پەۋقۇلئاددە بەلگىلىگۈچ قىممەتكە ئىگە.

ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، باللارنىڭ مېنىڭ قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ دەيدىغان ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچى، يەنە بىرى مېنى باشقىلار ياخشى كۆرىدۇ، سۆيىدۇ، قەدىرلەيدۇ، مەن ئۇنداق باشقىلار ياقتۇرمايدىغان بالا ئەمەس دەيدىغان ئىشەنچتۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى باللارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللار بولۇپ، مەشھۇر پسىخولوگ كارل روگېرسنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلاردىكى بارلىق پسىخىك

مەسىلىلەرنىڭ تېگىدە ئۆزگە بولغان ئىشەنچنىڭ كەملىكى ياتىدۇ. بىر بالا مەن زادى ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدىكەنمەن دەپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭغا پۇرسەت بېرىلسىمۇ كارى بولمايدۇ، ياردەم قولى سۇنۇلسىمۇ تۇتمايدۇ، ئازراق تىرىشسىلا بولىدىغان ئىشلارغىمۇ تىرىشمايدۇ. شۇنىڭدەك، مېنى ئاتا-ئانامۇ ياقتۇرمايدۇ (ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەسلىك دەل بالىلارغا ئاتا-ئانام مېنى ياقتۇرمايدۇ دېگەن ئۇچۇرنى بېرىدۇ)، شۇنىڭغا قارىغاندا مەن ياقتۇرۇلمايدىغان بىر بالىكەنمەن دەپ قارىغان بىر بالا، باشقىلارنىڭ ئۆزگە ھېس قىلدۇرغان مېھرىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ مەن باشقىلار ياقتۇرىدىغان بالا ئەمەس تۇرسام، ئۇلارنىڭ بۇنداق ماڭا يېقىنچىلىق قىلىشى يالغان دەپ گۇمان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دائىم مېھرىسىرايدۇ، باشقىلاردىن، دوستلىرىدىن ھەتتا ناتونۇشلاردىن مۇھەببەت، يېقىنچىلىق ئىستەيدىغان بىر زىددىيەتلىك پسىخىك ھالەتتە بولىدۇ، ناۋادا يامان ئادەملەر سەللا كۆيۈنۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كېتىشى بەكلا ئاسان بولىدۇ، چۈنكى، بالىلار ئائىلىسىدە ھېس قىلمىغان ئورۇننى، قەدىرلىنىشنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېس قىلغان. بارلىق ئىنسان ئۆزىنى ئېتىراپ قىلالايدىغان سەھنە ئىستەيدۇ، ئەگەر بۇ سەھنە ئائىلىدە بولمىسا ياكى بولسىمۇ بالىلارنىڭ نومۇرلىرىغا كەمسىتىش، ھۆرمەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان بولسا، ئۆزىنى نامايەن قىلىدىغان سەھنىنى سىرتتىن ئىزدىشى بەكلا نورمال ئاقىۋەتتۇر.

ئەمدى ئۆزگە بولغان ئىشەنچنىڭ تېخىمۇ يامان ئاقىۋىتى بالىلارنىڭ بوشاشماسلىق، تىرىشچانلىق روھىنى زېدىلەشتىن باشقا، ئۇلاردا باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشى، خورلىشىنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر پسىخىك تۇيراق پەيدا قىلىشدۇر. بۇنداق بالىلارنى باشقىلار مەكتەپتە خالىغانچە بوزەك قىلالايدۇ، ئانى تاپالايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا بۇ خىل مۇئامىلىنى قوبۇل قىلالايدىغان، مەيلى دەۋېتەلەيدىغان روھى ھالەت مەۋجۇت، بۇ روھى ھالەت دەل ئۇزاق مۇددەتلىك ئائىلىدە كەمسىتىلىش، ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەسلىكتىن ئوزۇقلانغان. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىلگەن كىشىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساقلا بولىدۇ. ۋەتەنىمىزنىڭ يېزىلىرىدا يېشى 50، 60 ياشلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا ئۇچرايدىغان ئاجايىپ ئېغىر تىل-ھاقارەتلەرگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماسلىقنى، بۇ خىل خورلۇقنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ياكى سەل غەزەپلەنسىمۇ يەنە يۇتۇۋېتىشلىرىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇ نوقۇل ئامالسىزلىقتىنلا بولماستىن، ئۇزاق مۇددەتلىك ھاقارەتلىك، خور ھاياتىنىڭ ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىگە بولغان قەدىر تۇيغۇسىنى يوق ياكى ئىنتايىن ئاجىز قىلىۋەتكەنلىكىدىن بولغاندۇر. بۇنى خورلىنىشنى ئىچلەشتۈرۈۋېلىش دەپ ئاتاش مۇمكىن، يەنى، بۇ باشقىلاردىن ئۇچرىغان ناھەق مۇئامىلە، زۇلۇم، خورلۇقلارنى پىسخىك جەھەتتىن قوبۇل قىلىش، قارشىلىق ھەرىكىتى ئۇياقتا تۇرسۇن، قارشىلىق تۇيغۇسىدىمۇ بولماسلىق، ھەتتا ئۆزىنى شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچراشقا ھەقلىق ھېس قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى، ئائىلىدە ھۆرمەتلەنمەسلىككە ئادەتلەندۈرۈلگەن بالىلار، كېيىن سىرتتىمۇ باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىغاندا ئۇنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايدۇ، ناھەقچىلىق، بوزەك ئېتىلىشكە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىچكى ئېنېرگىيەسى ئاجىز بولىدۇ، غۇرۇرىنىڭ پايخان قىلىنىشىغا بەك ئازابلىنىپ كەتمەيدىغان بولىدۇ.

ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ يەنە بىر يامان ئاقىۋىتى، يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئائىلىسىدىن يىراقلىشىشىدۇر. چۈنكى، بالىلارغا نىسبەتەن يېتەرلىك ھۆرمەتلىنەلمىگەن مۇھىت، ئۇلار مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن، ئۆزىنى ئەركىن-ئازادە ئىپادىلىيەلمەيدىغان بىر ئازابلىق مۇھىتتۇر. بۇ مۇھىتتا بالىلار ئۆزىنى ھەرقانچە ئىپادىلىسىمۇ-بەلكى ئىپادىسى ياخشى ياكى تازا ياخشى بوپكېتەلمەسلىكى مۇمكىن. ئاتا-ئانىسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇ تەبىئىيلا ئۆزىنى ئىپادە قىلىدىغان، ئۆزىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغان بىر مۇھىت ئىزدەيدۇ، ۋە بۇ مۇھىتنى تولا ھاللاردا كوچىدىكى تاپتىن چىققان بالىلارنىڭ ئارىسىدىن تاپىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال بالىلار 15، 16 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ، چۈنكى بۇ ياشلاردا بالىلارنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسى كۈچىيىشكە، يەنى مەن زادى كىم؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدەشكە باشلايدۇ، ئاستا-ئاستا ئۆزىنى مۇستەقىل بىر بارلىق سۈپىتىدە ئاڭقىرىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قوبۇل قىلىدىغان، نامايەن قىلىدىغان سەھنىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئاڭقىرىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇزۇن يىللىق ھۆرمەتسىزلىنىش كەچمىشى ھەققىدە تولا ئويلىنىدىغان بولىدۇ، بۇ خىل توختاۋسىز كەچمىشنى كۆشەش ئۇنىڭدىكى ئائىلىدىن قېچىش ئىسيان تۇيغۇسىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىۋېتىدۇ. (بۇ خىل ئەھۋالغا تۈركىيەدىكى بولۇپمۇ ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر ئائىلىرى كۆپ ئۇچراۋاتىدۇ.)

ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ بالىلارنىڭ ساغلام پىسخىك ھالەتتە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەسلىدە مۇنداق قىسقا بايانلار بىلەن مۇپەسسەل

ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس، باللارنىڭ ئۆز باھاسى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، يېتەرلىكلىك تۇيغۇلىرى پسىخولوگىيەدىكى ناھايىتى مۇھىم تېمىلاردۇر، بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش كېرەك. بۇ يازمىدا پەقەت دىندار ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ باللارغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن ئۆزىنى كۆرۈۋېلىشى مەقسىتىدە پەقەت بىر قىسىم تىپىك ھەدىس ۋە ۋەقەلەرنى سۇنۇش ۋە قىسقىچە تەھلىل قىلىش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

ئۇنداقتا دىنىمىزنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى مەيدانى قانداق؟ بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز دىنىمىزنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنمۇ؟ دېگەن سوئاللار ھەققىدە توختىلىپ باقايلى. ھۆرمەتلىنىشنىڭ باللارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرلىرى ۋە كەمسىتىلىش ۋە ھۆرمەتلەنمەسلىكنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى ھەققىدە، ھازىرقى پسىخولوگىيە پېنىدە نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار بار بولۇپ، بۇ يازمىدا بۇ ھەقتە توختالماستىن پەقەت ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ باللار بىلەن بولغان ئالاقىدىكى كونكېرت ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە نەزەر سېلىشقا تىرىشىمىز.

دىنىمىز سۆيگۈ دىنىدۇر. ئەقىدىمىزنىڭ يادروسىمۇ ئاللاھنى سۆيۈش، پەيغەمبەرنى سۆيۈش ۋە مۇسۇلمان جامائەتنى سۆيۈشتۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىچىك باللار بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى ئىش ھەرىكەتلىرىگە نەزەر سالساق، پۈتۈنلەي سۆيگۈ بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنى، قوپاللىق، قاتتىقلىقتىن ئىنتايىن يىراقلىقىنى كۆرەلەيمىز. رەسۇلۇللاھ ناماز ئوقۇۋاتقاندا نەۋرىلىرى ھەسەن، ھۈسەن گەدىنىگە يامىشىۋالسا ئۇلار چۈشكەندە ئاندىن سەجدىدىن تۇرغان، نامىزىمنى بۇزۇشما دەپ بىزدەك قوغلىۋەتمىگەن. ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ مۇنۇ ھەدىسى ھەممىمىز ھەر دائىم ئوقۇۋاتقان، بولسا ئۆيىمىزگە چاپلاپ قويۇشقا تېگىشلىكتۇر. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئون يىل يېنىدىن ئاجرىماي خىزمىتىنى قىلغان بولۇپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن بىر ئىشنى قىلسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى نېمىشقا قىلدىڭ؟ قىلماي قالسام، بۇنى نېمىشقا قىلمىدىڭ دەپ كايىمايتتى›، ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون يىل خىزمىتىنى قىلدىم. ئۇ مېنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ، مەن ئۇ ئىشقا سەل قاراپ قالسام ياكى بۇزۇپ قويسام، ئۇ ماڭا ھېچ تاپا ـ تەنە قىلمىغان ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەرسى تاپا قىلسا بولدى قىلغىلار دەپ تاپا قىلىشتىن توسۇپ قوياتتى›.

ھۆرمەتلەنمىگەن باللار كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھۆرمەتلىنىش ۋە ھۆرمەتلەشنىڭ قانداق بىر تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى تېتىپ باقمىغان. ئەڭ چاتىقى ھۆرمەتلەنمىگەن بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تۆۋەن بولىدۇ،ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلىكى بولسا ئادەملەردىكى خىلمۇ خىل پىسخىك مەسىلىلەرنىڭ ئانا يىلتىزىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدە، بالىلارنى قاپاقتا باشقۇرۇشتىن، ئۆزىدىن قورققىنىدىن پەخىرلىنىدىغان ئاتا ـ ئانىلار مۇنۇ ئايەتكە قاراپ باقسۇن: ‹ئى مۇھەممەد ئەگەر سەن قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئىدىڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كەتكەن بولاتتى›ئەمدى بالىلىرىم ماڭا گەپ قىلمايدۇ، پاراڭلىشىشتىن قاچىدۇ دېگەن ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىدىن بىر سوراپ باقسۇن، پەيغەمبەر قوپال بولسا،ھەمراھلىرى تارقاپ كېتىدىغان يەردە، ئاتا ئانىلار قوپال بولسا بالىلىرىنىڭ يىراقلىشىپ كېتىشى ھەيران قالارلىقمۇ؟

ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا يۈرىدىغان كىچىك بىر بالا ئىدىم. تاماق ۋاقتىدا قولۇم داستىخاننىڭ ھەممە يېرىدە يۈگۈرەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ئى ئوغلۇم! تاماقتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن دېدى›. مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ. ھەدىستىن كۆرەلەيمىزكى، ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىلىقى ئەيىبلەنمىگەن، بالا بولغانلىقى سەۋەبىدىن قوپاللىققا ئۇچرىمىغان، لايىق ھۆرمىتى قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى، چوڭلارنىڭ تاماق سورۇنىدا كىچىكلەرمۇ ئولتۇرغان. بىزدە مېھمان كەلسە، كىچىكلەر داستىخاندىن يىراقلاشتۇرۇلىدۇ. ماڭە، ماۋۇ چوڭلارنىڭ سورۇنى، نېرى تۇر! دېيىش بىزگە ھېچ يات ئىش ئەمەس.

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇ كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى ئېلىپ ئىچتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە چوڭلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرەپتىكى بالىغا: ‹مېنىڭ بۇنى ئاۋۇ كىشىگە بېرىشىمگە قوشۇلامسەن؟ دەپ سورىدى. ئۇ بالا: ياق، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭدىن كەلگەن ھەرقانداق نېسىۋەمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى›.[1]

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

ئوخشاش ئەھۋالدا بىر ئۇيغۇر دادا سۇنى كىمگە ئاۋال بېرىش ئۈچۈن شۇ كىچىك بالىدىن سوراپ ئولتۇرارمۇ؟ ھەددىستىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلارنى نەقەدەر ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى روشەن نامايەن بولىدۇ. مەنىچە بۇ يەردە بىز ئويلىنىدىغان تېخىمۇ مۇھىم يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ كىچىك بالىغا چوڭلارنىڭ سورۇندا بۇنداق ئوچۇق ئېتىراز بىلدۈرەلەيدىغان نەدىن كەلگەن دادىللىق ۋە جۈرئەت؟ بۇنى پەقەت رەسۇلۇللاھنىڭ بالىلارغا تۇتقان ئىلگىرىكى پوزىتسىيە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى ياراتقان ئاتموسفېرادىن ئىزدەش مۇمكىن. چۈنكى، ناۋادا بۇرۇن بۇ بالا كىچىكلەر كەمسىتىلىدىغان، چەتكە قېقىلىدىغان، قاراشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان بىر مۇھىتنى ھېس قىلسا ئىدى، بۇنداق چوڭ بىر سورۇندا رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەلىپىنى ئاشكارا بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى، ئۇ تەلىپىنىڭ رەت قىلىنمايدىغانلىقىنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ بالىلارغا يۇمشاقلىقىنى بىلگەچكە شۇنداق دادىل بولالايدۇ. يەنە بۇ ھەددىستىن، بالىلارنىڭ ھەقلىق، يوللۇق تەلەپلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ لازىملىقىمۇ چىقىدۇ.

بالىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش، ئۇلار بىلەن ئىشلاردا مەسلىھەتلىشىش، قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىش راستىنى ئېيتقاندا،بىزنىڭ ئائىلە كۈلتۈرىمىزگە يات ئىشلاردىندۇر. ۋەھالەنكى، ئۇنداق قىلىش بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. مۇنۇ ۋەقەلىككە قاراڭ: ‹ئوھۇد ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، بىر بالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشقا قوشۇلمىغىنى ئۈچۈن قارشى چىقىپ ‹ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سەن مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلىغا ئۇرۇشقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىپ، ماڭا رۇخسەت قىلمىدىڭ. چوقۇمكى، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشسام ئۇنى يېڭىۋالىمەن دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى چېلىشقا سالدى. دېگەندەك ئۇ بالا يېڭىۋالدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىمۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى›. رەسۇلۇللاھ رەت قىلىۋەتسە ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىز شۇ بالىنىڭمۇ پىكرىنى ئېلىك ئالدى، ھۆرمەت قىلدى ۋە ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قارىشىدىن قايتىپ، ئۇ بالىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلدى. بىر ئۇيغۇر دادا قانداق قىلىشى مۇمكىن؟ ئەڭ بولمىغاندىمۇ نېمىدەپ خەقنىڭ ئالدىدا ساقىلىمغا تارغاق سالىسەن؟ سەن كىچىككىنە تۇرۇپ تېخى داداڭغا ئىش ئۆگەتكىدەك بولدۇڭمۇ؟ دەيمىز.

بۇنداق مىساللارنى يەنە نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەلتۈرۈش مۇمكىن. پەيغەمبىرىمىزگە كىچىكىدە ھەمراھ بولغان ئەنەس ئىبنى مالىك، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ سەلەمە... قاتارلىق ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدىلا، رەسۇلۇللاھنىڭ كىچىكلەرگە قانداق كەڭ قورساق، مېھرىبان، مۇلايىم ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. رەسۇلۇللاھ بالىلار بىلەن بىللە ئوينايتتى، ئويناۋاتقان كىچىك بالىلارغا سالام بېرىپ ئۆتەتتى. رەسۇلۇللاھ كۆپ ھاللاردا كىچىك بالىلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالاتتى. بەزىدە ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنى، بەزىدە ئەنەسنى، بەزىدە جەئفەرنى ھەمراھ قىلىۋالاتتى. كېيىنكى خەلىپەلەر، ساھابىلەرمۇ رەسۇلۇللاھقا بۇ ئىشتا ئەگەشكەن ئىدى. بەشىنچى خەلىپە دەپ ئاتالغان ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىز زامانىدا مۇنداق بىر ۋەقە بولغان: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ خەلىپىلىككە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش ۋە ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، ھەر قايسى يۇرتلاردىن ئەلچىلەر ئۆمىكى كېلىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بىرى ھىجاز ئەلچىلىرى بولۇپ، ئۇلار خەلىپىنىڭ ئالدىغا كىرگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېشى كىچىكرەك بىر بالا ئۇلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. خەلىپە ئابدۇلئەزىز: سەندىن چوڭ بىرسى سۆز قىلسۇن دېدى. ئۇ بالا: ئاللاھ مۇمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئىسلاھ ئەتسۇن! ئىنسان پەقەت قەلبى ۋە تىلىنىڭ كىچىكلىكى بىلەنلا كىچىكتۇر دېدى. بۇنى ئاڭلىغان خەلىپە: ئى ئوغۇل! ماڭا نەسىھەت قىلغىن دېدى، ئۇ بالا قىلغان نەسىھەتلىرى بىلەن خەلىپىنى يىغلىتىۋەتتى. ئۇ ئاران 11 ياشلىق بالا ئىدى. بىر خەلىپىنىڭ ئالدىدا بۇنداق سۆز قىلىشقا جۈرئەت قىلىش تەسادىپىيلىق بولمىسا كېرەك.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مېنىڭ ئون بالام بار، مەن ھېچقايسىسىنى قۇچىقىمغا ئالمايمەن دېگەن ئادەمگە غەزەپلەنگەن، ۋە ئۇنىڭغا شەپقەتلىك بولمىغانلارغا شەپقەت قىلىنمايدۇ دەپ قاتتىق سۆز قىلغان.

ئومۇمەن ئېيتقىنىمىزدا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە رەھىم-شەپقەتلىك بولۇش، مۇلايىم بولۇش، قاتتىقلىقتىن يىراق بولۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپىدۇر. ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى ھۆرمەتلىشى، مۇلايىم بولۇشى، ئۇلارغا ئۆز قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇشى، ئۇلارغا تېگىشلىك ئورنىنى بېرىشى، ئۆزىنى نامايەن قىلىدىغان سورۇن ھازىرلاپ بېرىشى دىنىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر، ۋە ئۇلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسىدۇر.




بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش روھى كۆپىنچە شۇ دەۋا سەۋدالىرى ئۆزلىرىنىڭ نورمال ۋە قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقى ۋە پايدا-مەنپەئەتىنى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك ئالىي پىداكارلىق روھى ئاساسىدا يېتىلىدۇ. بۈيۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئادەتتە ئەنە ئاشۇ پىداكارلىق روھىنى ئۆزىنىڭ جان-دىلى ۋە كۆڭۈل ئارزۇسى بىلەن باغرىغا باسالايدىغان ئۈستۈن شەخسىيەتلەر ۋە نەتىجىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش بىلەن خۇشال بولۇش تۇيغۇسىنى ئۆزىگە شەرەپ بىلىدىغان پىداكار ئەزىمەتلەر بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. لېكىن ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئىش ۋە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا چىقىرىش ئارزۇسى

ھاكىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش نورمال ئىنسانلار ئۈچۈن ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇ بىزدىن چوقۇم ئەينى ۋاقىتتا ھۇنەين ئۇرۇشىدا بىر يۇتۇم سۇنى ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ھېچ بىرى ئىچمەي، ھەممىسى شاھادەت شەربىتى ئىچكەن بۈيۈك روھ ۋە يۈكسەك دەۋا سەۋدالىرىنىڭ پىداكارلىقى سەۋىيەسىدە ئۈستۈن پىداكارلىق تەلەپ قىلىدۇ.مەسىلەن: بىز بىر ئىشنى ئۆزىمىز تېخىمۇ ياخشى قىلالايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇ ئىشنى باشقا بىرسىنىڭ ھەل قىلىشىغا ئۆتۈنۈپ بېرەلەيدىغان، ئۇتۇقتا ئېرىشكەندە ئالقىش ۋە تەنتەنىلەرگە كۆز قىرىنى سالماي باشقىلارنى ئالدىغا چىقىرالايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سەۋىيەگە كەلگەندە ئاندىن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى مۇمكىن. مانا بۇ خىل پىشىپ يېتىلگەن يۇكسەك روھ ئادەتتە دەۋا يولىدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان پىرىنسىپلىرىدىن بىرى، ھەمدە ئىخلاس ۋە سەمىمىيەتنى يېتىلدۈرىدىغان مۇھىم سېھرىي كۈچكە ئىگە ئامىل.

مەن پۇتبول ئويناش تېخنىكىسىنى بەك بىلىپ كەتمەيمەن، ئادەتتە پۇتبولنى ئون بىر كىشىدىن تەشكىللەنگەن ئىككى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئوينايدۇ، ئەمما گولنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئاتىدۇ. تاماشىبىنلار ئۇنى ئالقىشلايدۇ ۋە چولپان ئېلان قىلىدۇ. ھالبۇكى توپنىڭ گول بولۇشىدا شۇ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى ۋە ماسلىشىشچانلىق ھەرىكىتى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ؛ لېكىن نەتىجىدە لوڭقا، چولپان قاتارلىق پۇتۇن ئويۇنچىلار مەنسۇپ بولغان ئاشۇ پۇتبول كوماندىسىغا تەقدىم قىلىنىدۇ. مېنىڭچە دەۋاغا بۇ مەنتىق بىلەن قاراش لازىم. مانا كۈنىمىزدە بىزدەك ئېغىر كۈنگە قالغان خەلقنىڭ دەۋاسىنى ئۆزىنىڭ دەردى بىلىپ يولغا چىققان شەخسلەرنىڭ بىرلىك ئېڭى، ھەمكارلىق چۈشەنچىسى، ماسلىشىش ھەرىكىتى ھېچ بولمىغاندا ئەنە شۇ پۇتبول ئەزالىرىدەك پاسلىشىش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش سەۋىيەسىدە يۇكسەك بولغان بولسا ئىدى، كۈنىمىزدىكىدەك «ھەممىمىز جەننەتكە كىرسەك بولىدۇ؛ لېكىن ئاچقۇچى مەندە بولۇشى لازىم» ياكى «توپ ئويناپلى مەيلى، ئەمما گولنى چوقۇم مەن ئېتىشىم كېرەك!» دېگەن مەنتىق بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان مەنمەنچى، شۆھرەتپەرەس ناباپ شەخسلەرگە مەيدان بوش قالمىغان بولاتتى. بۇنداق شەخسلەرگە مەيداننىڭ بوش قېلىشى دېمەك، ئۇلارنىڭ ماقام-مەنسەپ ۋە شان-شەرەپكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى ئۈچۈن، دەۋانى سۇيىئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت رەزىللىككە يول ھازىرلاپ بەرگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ دەۋا يولىدا ئۈمىد قىلىدىغىنىمىز: «ئاچقۇچ باشقىلاردا بولسۇن، گولنى باشقىسى ئاتسۇن، مۇھىمى بىرلىك ئېڭى، جامائەت روھى زەخىملەنمىسۇن، بىرگە خىزمەت قىلىش، بىر يولدا بىرگە يۈرۈش روھىمىز ئۆلمىسۇن» دېگەن يۇكسەك ئاڭ بويىچە يېتىلىشنى ۋە يېتىلدۈرۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، شۇنىڭدەك روھىمىزنى ئۆلتۈرىدىغان مەنچىل ۋە مەنمەنچىلىككە ئوخشىغان پىسخىك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەككە ھەرىكەت ئەمەس كوللېكتىپ خىزمەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

بەرھەق، ھەممىمىزنىڭ بىر ئىززەت نەپسى ۋە غۇرۇرى بار دېيىشىڭلار مۇمكىن، بۇ تۇيغۇ ۋە بۇ ئىززىتىمىزنى ئىسلام ئالىمىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا، ئەزىز مىللىتىمىزنىڭ خورلۇقتىن قۇتۇلۇشقا، ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقىغا

بىغشلايلى! چۈنكى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق غۇرۇرىمىز، ئورتاق شەرىپىمىز سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىمىزدە ئاياقلار ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ. «پىچاق سۆڭەككە يەتتى» دېيىش ۋاقتى كەلگەندۇ، ئەلۋەتتە! بىز ھەممىمىز نۆۋەتتىكى قەدەمدە ئەجابىي ھەرىكەت يولىنى تاللاپ، سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن ھەممىگە باغرىمىزنى ئېچىشقا، بۇ بۈيۈك دەۋانىڭ يۈكىنى ھەممىمىز ئورتاق مۈرىمىزگە ئېلىشقا، باشقىلارنى ياشىتىش يولىدا ئۆزىمىز ياشاشتىن ۋاز كېچىشكە، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە جىددىي ۋە ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەت قىلىشقا ۋە دەۋا يولىدا «باش قەھرىمان چوقۇم مەن بولۇشۇم لازىم» دېگەن مۇلاھىزە بىلەن ئەمەس، باشقىلارغىمۇ يول بېرىشنى بىلىشكە، ھەتتا كېرەك بولغاندا ھەزرىتى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ تامامەن لاياقەتلىك تۇرۇپ، باش قوماندانلىقنى ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئۆتكۈنۈپ بەرگىنىدەك «ئۇتتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر» نى ھەم باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرەلەيدىغان دەرىجىدە روھىي تاكامۇللۇق بىلەن پىشىپ يېتىلىشكە ۋە شۇ ئالىي روھ بىلەن يۈكسىلىشكە، شۇنىڭدەك كۈچلۈك ئېتىقاد، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە مۇستەقىل كۆزقاراش ساھىبى بولۇشقائىنتىلىشىمىز لازىم. چۈنكى بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە ئويغىتىش زامانى! يوقىلاڭئىشلارغا سەن-مەن دېيىشىدىغان چاغ، بويۇن تولغاپ دىماغقاقىدىغان ۋاقت ئەمەس. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق بىلەن ئۆمۈر ئىسراپخورلۇقىلىدىغان دەۋر تېخىمۇ ئەمەس. زامان-دىنىي ئالىم، مىللىي زىيالىي، لىبېرال مىللەتچى... كىم بولسا بولسۇن بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇش زامانى. چۈنكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى كەينىدە ئوتتۇرا شەرق مىللەتچىلىرى-ئىسلام دىنىغا ياكى خىرىستىيان دىنىغا ئەمەل قىلىشىغا ياكى سوتسىيالىزمچى بولۇشىغا قارىماي،-ھەممىسى جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسى قىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جاھانگىرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرغان ئازادلىق ھەرىكىتىدىكى چوڭ دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ئاساسى زىددىيەت ئالدىدا «دىنچى، مىللەتچىياكى لىبېرالچى» دېمەي ھەممىسى مىللىي ئازادلىقنىڭ بىرلىك سېپىدە تۇرۇشى، بۇ باسقۇچتا ھەممىسى ھەقىقىي يولداش بولۇپ، مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئورتاق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قانداق دۆلەت قۇرۇش، قايسى يولدا مېڭىش، قانداق گۈللىنىش ۋە قانداق زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، ئاچقۇچنى قولغا ئېلىپ، ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كىرگەندىن كېيىن، يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، مۇزاكىرە قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، كۆپىنچە ئۆلىمالار: «نامازدا بىرىنچى سەپتە ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇش پەزىلەت جەھەتتىن ئۈستۈن» دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، لېكىن مەسىلىنى ئىككىنچى بىر تەرەپتىن نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ھەدىسنىڭ ئوتتۇرىغا قويىماقچى بولغان نۇقتىلىق تەرىپى: «مەسجىدكە بۇرۇن كېلىش مەقسەت قىلىنغانمۇ ياكى كېيىن كەلسىمۇ ئالدىنقى سەپتە ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشمۇ؟» دېگەن مەسىلىگە بۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسنى «ناماز ۋاقتىدىن بۇرۇن مەسجىدكە كېلىپ، ئارقا سەپتە تۇرۇپ قالغان كىشىنىڭ پەزىلىتىدىن كېيىن كېلىپ ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈۋالغان كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۈستۈن» بولىدۇ، دېگەن مەزمۇندا چۈشىنىش ئەقلىي جەھەتتىن بولغاندىمۇ توغرا چۈشەنچە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋا يولىدا ئالدىنقى سەپتە مەن بولسام بولاتتى، نەتىجىگە مەن ئېرىشسەم بولاتتى دېگەن مەنتىق بويىچە ئەمەس، دەۋا يولىدا دەۋا قېرىنداشلىرىم بىلەن بىرگە بولسام، سەپنىڭ ئالدى ـ ئارقىسى مەن ئۈچۈن بەرىبىر، مۇھىم بولغىنى شۇ دەۋانىڭ ئىچىدە بولۇپ، بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم لازىم دېگەن مۇلاھىزە بىلەن ھەرىكەت قىلساق، جانابى ئاللاھ شۇ خالىس نىيىتىمىزگە يارىشا بىزنى چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ قاتارىدا نەتىجىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە دەۋانى باشلىغان ياكى شۇ دەۋاغا باش بولغانلارنىڭ ئىچىدە كېيىن دەۋاغا قېتىلغانلارنى مەنسىتمەيدىغان ياكى ئۆزىگە رەقىب كۆرىدىغان خاتا ئىدىيە شەكىللەنمەسلىكى، بەلكى ئىنسان روھى بىلەن ئۇلارغا «مەرھابا» دەپ قۇچاق ئېچىپ، دەۋا سېپىنى سىرخىللاشتۇرۇشقا سەل قارىماسلىقى، ھەممە ئىشتا داۋاملىق ئۆزىنى «قاردىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق» چاغلاپ قالماسلىقى، باشقىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپ ۋە تەنقىدى پىكىرلىرىگە قارىتا رەقىبكە نەرە تارتقان قەھرلىك يولۋاستەك غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن خىرىس قىلماسلىقى لازىم.

شۇنداق، بەزى چاغدا ئىنساننىڭ ساۋابقا ئېرىشىشكە بولغان ھېرىسمۇ ئۇنىڭغا مەھرۇمىيەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى شەيتان كۆپىنچە ۋاقىتتا ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن كېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بەزى مۇباھ ئىشلارنى ئالاھىدە مۇھىم پەرز ئىشلاردىن ئەۋزەل ۋە ئالاھىدە كۆرسىتىپ، قىلىنىشى كېرەك بولغان مۇھىم ۋە ئومۇمنىڭ ئىشىغا پايدىلىق ئىشلاردىن مەھرۇم قويىدۇ. ئالايلۇق، ھېلىھەم نۇرغۇن كىشىلەرئايدا بىر قېتىم ئۆمرىگە، يىلدا بىر قېتىم

ھەجگە بېرىشنى ھەممە ئىشتىن ئەۋزەل، ھەتتا ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك شۇنداق دەپ قاراش ئىنسابسىزلىق بولسا كېرەك، لېكىن كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بۇ خاراكتېردا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئاكتىپچانلىقى كۆرۈنۈشتە ياخشى ئىشتەك قىلغان بىلەن، ئەمما مىللىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا ئۇلارنى توغرا قىلدى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىدە «فىقھۇل ئەۋلەۋىييات» دېگەن قائىدە بار. بۇ دېگەنلىك، قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى ئىشقا دۇچ كەلگەندە قايسى مۇھىم ۋە جىددىي بولسا شۇنى ئالدى بىلەن ئادا قىلىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج پەرزىنى بىر قېتىم ئادا قىلىپ بولغان كىشىنىڭ قايتا ھەج قىلىشى ياكى ئۆمرىگە بېرىشى نەپلە ئىبادەت قاتارىغا كىرىدۇ. شۇڭا كۈنىمىزدە بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى بۈگۈنكىدەك ئېغىر ۋەزىيەتتە قالغان خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىگە چاقىسىز تۇل خوتۇن ۋە يېتىم-يېسىرلارغا ئىگە چىقىش ۋە ئۇلارنىڭ مائارىپىغا كۆڭۈل بۆلۈش، مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ راۋاجى، ئەزىز مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى ھەسسە قوشۇش ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۈستىگە پەرز ۋە قەرزلىكتىن ئۆتۈپ، ئۆمۈر بويى ھەرەمدىن چىقماي ياتقانلىقتىن ياخشى ۋە دەرىجە جەھەتتە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

مۇھىمى، پۈتۈن ھال-ھەرىكىتىمىزدە ئېھسانىنى، ئەمەل-ئىبادىتىمىزدە ئىخلاسىنى، مۇئامىلىمىزدە سەمىمىيەت ۋە ساداقەتنى، ئەدەپ-ئەخلاقىمىزدا ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنى، مۇلايىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنى، ئادالەتتە ھەزرىتى ئۆمەرنى، جاسارەتتە ھەزرىتى ئەلىينى، ساخاۋەتتە ھەزرىتى ئوسماننى ئۆزىمىزگە رەھبەر، توغرىسى پۈتۈن ھال-ھەرىكىتىمىز ۋە نىيەت-ئىستىقامىتىمىزدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى چىقىش قىلايلى! مانا بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئاخىرقى نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاخىرىدا سۆزىمىزنى خۇلاسىلايدىغان بولساق، ھەربىر دەۋا ئىگىسى، جۈملىدىن ھەممىمىز «ئىستانبۇلنىڭ فاتىھى پەقەتلا مەن بولاي، لىنىنى مەن كېسەي، ئاخىرقى گولنى مەن ئاتاي» دېگەن شەيتانىي ھېس-تۇيغۇلاردىن ئۆزىمىزنى ساقلايلى، نەپسىمىزنى پاكلايلى. ئومۇمىيۈزلۈك قەلبىمىزنى جاھالەت تۇمانلىرىدىن، چىدىماسلىق، ھەسەت، نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك مىكروبلىرىدىن تازىلىغان ھالدا كۆز ئالايتىش، دىماغ قېقىش، ئېغىز پۇرۇشتۇرۇش قاتارلىق «قىياپەت جېڭى» نى توختىتىپ، دىنىي پىرىنسىپ ۋە مىللىي تۇس ئىچىدە قېرىنداشلارچە يېڭىدىن ھوشىمىزنى تاپايلى.




ئىستانبۇل ئىلىم ئارقىلىق قانداق پەتھى قىلىنغان؟

«ئىستانبۇل پەتھىسى» رەسۇلۇللاھنىڭ بەرگەن پەتھى بىشارىتىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ پۈتۈن مۇسۇلمان فاتىھلارنىڭ ئارزۇلۇق چۈشىگە ئايلانغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھتىن ئىستانبۇل ئاۋۋال پەتھى قىلىنامدۇ ياكى رىممۇ؟ دەپ سورالغاندا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرەقلىنىڭ شەھىرى (ئىستانبۇلنى دېمەكچى) ئاۋۋال پەتھى قىلىنىدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: ئىستانبۇل مۇھەققەق پەتھى قىلىنىدۇ. ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغان قوماندان ئەڭ ياخشى قوماندان. پەتھىگە قاتناشقان قوشۇن ئەڭ ياخشى قوشۇن دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئوسمانىلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە «فاتىھ» دېگەن نامغا نائىل بولغان قوماندان ئىككىنچى مۇرادنىڭ ئوغلى مۇھەممەدكە ئىستانبۇلنىڭ پەتھىسىنى ئاتا قىلغانغا قەدەر ئىسلام دۆلەتلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ، پەتھى قىلىنغان رايونلار كېڭەيگەن. ئۇنداقتا، بۇ قوماندان قانداق بولۇپ رەسۇلۇللاھ خۇش بىشارەت بەرگىنىدەك ئەڭ ياخشى قوماندان، قوشۇنى ئەڭ ياخشى قوشۇنغا ئايلانغان؟

تارىخ ۋە تەرجىمھال كىتابلىرى مۇھەممەد فاتىھنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ئالاھىدە ئىلمىي تەربىيەنى قوبۇل

قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئاتىسى سۇلتان ئىككىنچى مۇراد ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىلمى ۋە جىسمانىي تەرىپىگە تەڭلا كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەسىلەن: ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، كۈچ سىنىشىش قاتارلىق ئىشلارغا چېنىقتۇرۇپ دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇستازلىرىدىن «ئەھمەد ئىبنى كۇرانى»دەك سەرخىللارغا شاگىرتلىققا بېرىدۇ. ئىمام سۇيۇتى «ئەھمەد ئىبنى كۇرانى»نىڭ مۇھەممەد فاتىھنىڭ تۇنجى يېتەكچىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: كۇرانى ھەم ئالىم ھەم فەقىھ بولۇپ ئۆز دەۋرىدىكى ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئىلمىدە پىشقان، يېتۈك ئۆلىما ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. يەنە تېخى ئۇنى «دەۋرىنىڭ ئەبۇ ھەنىفەسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. تارىخى مەنبەلەر كۇرانىينىڭ مۇھەممەد فاتىھقا ئىلىم سۆيگۈسىنى سىڭدۈرگەنلىكىنى، بۇ سۆيگۈنىڭ تۈرتكىسىدە مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئىلمىغا يۈكسەك ھىممەت ۋە ئاكتىپچانلىق بىلەن يۈزلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. نەتىجىدە مۇھەممەد فاتىھ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىپ، ئىسلام تارىخىنى ئۆگىنىدۇ.

مۇھەممەد فاتىھ ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىلگىرىكى ئىسلامىي ھەرىكەتلەردىن خەۋەردار ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىسلامنى ياخشى كۆرۈش، قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىش، ئىلىمنى سۆيۈش، ئۆلىمالارنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت خارەكتېرىدە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەسسە قوشقان. مۇھەممەد فاتىھ شەيخ «ئاق شەمسىددىن»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاق شەمسىددىن مۇھەممەد فاتىھنىڭ زېھنىدە كىچىكىدىن باشلاپلا «ئىستانبۇل پەتھىسى چۈشى»نى بىخلاندۇرغان تۇنجى شەخس ئىدى. مۇھەممەد فاتىھ شۇ «چۈش»نى رويابقا چىقىرىشقا ئىنتىلگەن ھالدا چوڭ بولغان. شەيخ ئاق شەمسىددىن مۇھەممەد فاتىھقا «ئەرەب، پارس، تۈرك» تىللىرىنى ئۆگەتكىنىدەك «قۇرئان، ھەدىس، پەيغەمبەر سۈننىتى، فىقھى»غا ئوخشاش ئاساسىي ئىلىملەرنىمۇ ئۆگەتكەن. ئۇنىڭدىن سىرت ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تارىخ دېگەنگە ئوخشاش بىر بۆلۈك ھاياتلىق ئىلىملىرىنىمۇ دەرسلىك قىلىپ بەرگەن.

شەيخ ئاق شەمسىددىن مۇھەممەد فاتىھقا نىسبەتەن قاتتىق قول ئىدى. ھەتتاكى مۇھەممەد فاتىھ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن مەلۇم بىر ۋەزىرىگە «مېنىڭ بۇ شەيخكە بولغان ھۆرمىتىم دىلىمنى ھەيرانۇ-ھەس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ھۇدۇققان، ئىككى قولۇم تىترىگەن ھالدا ئولتۇرىمەن» دەيدۇ.

يۇقىرىقى ئۆلىمالار ۋە بۇ ئىلمىي تەربىيە كىچىك قوماندانىنى يېتىلدۈرۈش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن تەربىيىلەشتە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ئىككىنچى مۇھەممەد ئاتىسى ئىككىنچى مۇرادقا ئىزباسار بولۇپ، ھۆكۈمرانلىقنى قولغا ئالا ـ ئالمايلا ئىستانبۇل پەتھىسىنى كۆز ئالدىدىكى نىشانى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قانچە ئىلمىي ۋە ئەمەلىي لايىھەلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

تۇنجى قەدەمدە ئىستانبۇل پەتھىسى ئۈچۈن پىلان تۈزۈش، كۈن تەرتىپكە ئەكىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى سەرپ قىلىدۇ. مەسىلەن: ئوسمانىيلار قوشۇنىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆلىمالارنى كەڭرى تارقىتىدۇ. بۇ ئۆلىمالار، قوشۇننىڭ ئىستانبۇل پەتھىسىدە بار كۈچىنى چىقىرىپ كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىلىغا جىھاد روھىنى سىڭدۈرۈش بىلەن بىرگە، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغان قوشۇننى مەدھىيىلىگەن ھەدىسنى دائىما سۆزلەيدۇ؛ نەتىجىدە ئۆلىمالارنىڭ قوشۇن ئىچىگە سىڭىشىشىنىڭ، قوشۇننىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىش، ئاللاھ يولىدىكى جىھادقا قەلبىنى باغلاشتا زور تەسىرى كۆرۈلىدۇ.

مۇھەممەد فاتىھ ئۆز نۆۋىتىدە ماددىي تەييارلىق ۋە سەۋەب قانۇنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە تەجرىبە ساھىبلىرى ۋە ئۆلىمالاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، نېمە ۋەجىدىن ئىستانبۇلنى پەتھى قىلىشقا قادىر بولالمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇلار مۇنداق ئۈچ خىل سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ:

مۇھاسىرە باشلانغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلئەسىنىڭ بولماسلىقى... ئۇلارنى قەھرىتان قىشتا دالىدا قېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇلار قەلئە سېلىشقا تۇلۇق بىر يىل كېتىدۇ دېيىشتى.

ئېگىز سېپىل تاملىرىنى بۆسەلەيدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقالايدىغان زەمبىرەكنىڭ بولماسلىقى...

زەنجىرنىڭ (ئىستانبۇل) بوغۇزىغا قەدەر سوزۇلۇشى مۇسۇلمانلارنىڭ كېمىسىنى بوغۇزغا كىرىشتىن ۋە زەئىپ سېپىللارنى ۋەيران قىلىشتىن توسۇپ قالىدۇ...

دەل شۇ چاغ مۇھەممەد فاتىھ دۇنياۋى ئاڭ، ئارزۇلۇق قەلب، جۇشقۇن روھ بىلەن مۇتەخەسسىس ئالىملارنى ئىشقا سېلىش، بۇ داۋانلاردىن قانداق ئاتلاش كېرەكلىكى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاشقا يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ساناقسىز مال ـ دۇنيا سەرپ قىلىدۇ. جەڭ تاكتىكىسىدىن خەۋەردار ئالىملارنىڭ نۇرغۇنىنى ئۆز پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويۇپ تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەتىھنىڭ تۈنجى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشقا ياردەم بېرىدىغان جىددىي ھەل قىلىش چارىلىرىنى تۈزۈشكە رىغبەتلەندۈردۇ.

## ئىستانبۇلنىڭ پەتىھى لايىھەسى

دەرۋەقە مۇھەممەد فاتىھ تەڭداشسىز بىر لايىھە تۈزۈپ چىققان بولۇپ، شەرقشۇناسلار بۇ ھەقتە ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىچىدە مۇنداق دېيىشىدۇ: بۇ يىگىت (مۇھەممەد فاتىھنى دېمەكچى) بۈيۈك ئىسكەندەر ۋە ناپالېئوننىمۇ بېسىپ چۈشتى. مۇھەممەد فاتىھ پەتىھگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان سەۋەبلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بىرمۇ-بىر ھەل قىلىش چارىلىرىنى تۈزدى. ئىستانبۇل سېپىلى ئالدىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلئەسى بولماسلىقتەك بىرىنچى توسالغۇدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قەلئە سېلىشنى قارار قىلدى.

ئاندىن ئىشلەمچىلەرنى توپلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پىششىقان مۇتەخەسسىسلەرنى تاللىدى. ئۇلارنى «قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولۇشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغان قوشۇن ئەڭ ياخشى قوشۇن دەپ مەدھىيىلىگەن شۇ قوشۇننىڭ قاتارىدىن بولۇشنى ئارزۇ قىلامسىلەر» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرى ئارقىلىق جەلپ قىلدى. نەتىجىدە ئىشلەمچىلەر ئىلھاملىنىپ، مۆلچەرلىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىشنى پۈتتۈردى. تولۇق بىر يىلدا پۈتىدىغان كاتتا قەلئەنى ئۈچ ئاي ئىچىدىلا تاماملاپ بولدى.

شەھەرنىڭ سېپىلىنى تېشەلەيدىغان زەمبىرەكنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت ئىككىنچى توسقۇنلۇققا كەلسەك؛ مۇھەممەد فاتىھ «ھېكمەت مۆمىننىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسى، ئۇنى قەيەردە تېپىۋالسا ئۇ كىشىلەرنىڭ شۇنىڭغا ئەڭ لايىقى» دېگەن قائىدىنى رېئاللىققا تەتبىقلاشتا ماقال تەمسىلگە ئايلاندى. دەرۋەقە ئۇ ئىستانبۇلنىڭ سېپىلىنى ۋەيران قىلالايدىغان، ئالاھىدە قۇۋۋەتكە ئىگە زەمبىرەك ياسىيالايدىغان، ۋېنگرىيىلىك دۇنياۋى ئىنژېنېر «ئوربان»نى ئىشقا سالدى. «ئوربان» ئەسلىدە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىغا خىزمەت قىلىش تەكلىپىنى سۇنغان بولۇپ، ئىمپېراتوردىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن فاتىھنىڭ يېنىغا كەلگەن. فاتىھ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغان ۋە مال-دۇنياغا كۆمۈۋەتكەن. مۇھەممەد فاتىھ ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ چوڭراق پايدا ئېلىشنى بىلگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن كەشپىياتىنى تاماملاشقا ياردەمدە بولىدىغان پۈتكۈل ۋاستىلەرنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەندىن سىرت (زەمبىرەكنى) ياساشقا كېرەكلىك

ئۇسكۇنە-سايمانلارنى باشقۇرۇشقا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئوربان، ئوسمانىيلارنىڭ بىر قانچە ئىنژېنېرلىرىنىڭ ھەمكارلىقىدا زەمبىرەكلەرنى ياساشقا كىرىشكەن. مۇھەممەد فاتىھ ئۇلارغا ئۆزى بىۋاستە نازارەتچىلىك قىلغان. ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «ئوربان» ئۈچ دانە گىگانت زەمبىرەك ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە يۈز توننا ئېغىرلىقتىكى بىر دانە بەھەيۋەت زەمبىرەك بار ئىدى. بىر دانە زەمبىرەك توپىنىڭ ئېغىرلىقى 1500 كىلوگرام بولۇپ، ئېتىش مۇساپىسى بىر مىلغا يېتەتتى. 60 ئۆكۈز ۋە ئىككى تەرەپتىن 200 دىن جەمئىي 400 ئادەمنىڭ ياردىمىدە سۆرەپ ماڭاتتى.

زەمبىرەكنى تۇنجى قېتىم سىناق قىلماقچى بولغاندا سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ رايوندىكى ئاھالىلەرگە ئالدىن خەۋەر بېرىپ ئاندىن ئاتقان. زەمبىرەكنىڭ ئاۋازى 13 مىل يىراقلىقتىن ئاڭلانغان ۋە زەمبىرەك توپى بىر مىل يىراقلىققا چۈشۈپ، زېمىنغا ئالتە قەدەم چوڭقۇرلۇقتا ئىز قالدۇرغان. ئوسمانىيلار «سۇلتان زەمبىرىكى»① دەپ ئاتىغان بۇ زەمبىرەك ئەدىرنەدىن ئىستانبۇلنىڭ سېپىلى ئالدىدىكى ئورنىغا قەدەر بولغان مۇساپىنى ئىككى ئاي ئىچىدە بېسىپ بولغان. مۇھەممەد فاتىھ سىناقنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ پەتھى قىلالايدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنچ قىلغان. ۋېنگىرىيەلىك بۇ ئىنژېنېرغا ۋە ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغان بارلىق ئىنژېنېرلارغا ئىنتايىن كۆپ مىقداردا مۇكاپات بەرگەن.

بوغۇز ئالدىدىكى زەنجىر مەسىلىسىگە كەلسەك؛ بۇ زەنجىر مۇسۇلمانلار فلوتىنىڭ ئىستانبۇل بوغۇزى ئىچىگە كىرىپ سېپىلغا قەدەر يېقىنلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلاتتى... شۇڭلاشقا مۇھەممەد فاتىھ ئۆزنەكسىز بىر ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى...

زەنجىردىن ئۆتمەي تۇرۇپ بوغۇز ئىچىگە بىۋاستە كىرىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئىچىدىن كېمە ئۆتەلەيدىغان بىر كارىدور ياساشقا كىرىشتى. بۇ تەخمىنەن ئۈچ مىل ئەتراپىدىكى مۇساپە ئىدى. كېمىنىڭ يېنىك ھەركەت قىلىشى ئۈچۈن مايدا سىلىقلاشتۇرۇلغان ياغاچ رېلىسلارنى قوللاندى. كېمە جەمئىي يەتمىش دانە ئىدى. كېمىلەرنى سۆرەش ئۈچۈن يۈزلەرچە ئۆكۈز، يۈزلەرچە ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالدى. رېملىقلارنى چۆچۈتۇپ

---

①«سۇلتان زەمبىرىكى» دەپ ئاتالغان شاھى توپنى ئېغىرلىقى 700 توننا دىگەندەك چىنلىققا تازا توغرا كەلمەيدىغان مەلۇماتلار بېرىلىپتۇ. مەن تۈركچە مەنبەلەرنى ئاختۇرۇپ بۇ توپنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ ئەسلىدە13 توننا ئىكەنلىكىنى، ئېتىش ئارىلىقىنىڭ 1200 مېتىر، توپىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ 1500 ئەمەس 680 كىلو ئىكەنلىكىنى، توپ چۈشكەن يەرگە قالدۇرغان ئىزنىڭ 6 ـ 7 مېتىر ئەمەس1 مېتىر ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

قويماسلىق ئۆچـۈن، كىملەرنـى قـاش قارايغاندىن باشلاپ تاڭ ئاتقۇچە يۆتكەپ بولدى.

مۇھاسىرە ئەللىك ئۆچ كـۈن داۋام قىلغان بولۇپ، ئاخىرى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا قوشۇنغا پەتھنـى مۇيەسسـەر قىلدى.

ئىلىم تاكتىكا تۈزۈش، ئىسـتانبۇلنى فەتھـى قىلـــش، مۇسـۇلمانلارنىڭ «چۈشى»نى رويابقا چىقىرىش قاتـارلىق مەسىلىلەردە يۇقىرىقىغـا ئوخشـاش ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئىدى.

بـىراق ئىلىمنىـڭ رولـى پەتھـگە تەييارلىق قىلىش، جەڭ ئۆچۈن خـزمەت قىلىشقىلا چەكلىنىپ قالماسـتىن، بەلكـى «مۇھەممەد فاتىھ» دەۋرىدە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ گۈللىنىش ئاساسى بولـۇپ داۋاملاشقان ئىدى.

### پەتھـــدىن كېيىنكـــى ئىلىمــــى گۈللىنىش

سۇلتان مۇھەممەد فاتىـھ ئىلـم ۋە ئۆلىمالارنى ياخشى كۆرگەچكە، دۆلەتنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قەدەر مەدرىسـە ۋە ئىلمـى جەمئىيەتلەرنـى بەرپـا قىلىشـقا ئەھمىـــيەت بەرگەن. دەرۋەقە ســۇلتان ئورخـــان (761ھ/721ھ) ئوســـمانىيلار سەلتەنەتىدىكى ئۆلگىلىك مەدرىسـە بىنـا قىلغــان تـۇنجى پادىشــاھ. ئۇنىڭــدىن كېيىنكى سۇلتانلار ئۇنىڭ ئىزىنى بېسـىپ ماڭغان. بۇرسا، ئەدىـرنە ۋە ئۇنىڭـدىن باشقا شەھەرلەردە مەدرىسـە ۋە ئىلمـى جەمئىيەتلەرنـــى كەڭ كۆلەمـــدە قانـــات يايدۇرغان ئىدى.

مۇھەممەد فاتىـھ ئەجـدادىنى بـۇ رىقابەتتە بېسىپ چۈشكەن ئىدى. ئىلـم تـــارقىتىش، مەدرىســـە ۋە ئىلمـــى جەمئىيەتلەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقارغان ئىدى. ئوقۇ-ئوقۇتـۇش ئىشـــلىرىغا بەزى ئىســـلاھاتلارنى كىرگــۈزگەن. دەرس پروگراممىلىرىنـى ئــۆزگەرتىش ۋە تەرەققـى قىلدۇرۇشـقا ئۆزى بىۋاسـتە نازارەتچىلىـك قىلغـان. چوڭ-كىچىك شـەھەرلەردە مەدرىسـە ۋە ئىلمى جەمئىيەتلەرنى كۆپلەپ قۇرۇشـقا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن بەلكى يېـزا-قىشلاقلاردىمۇ قۇرغان. چوڭ ۋەقپىلەرنـى ئىنشا قىلغـان ئىـدى. بـۇ مەدرىسـنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، دەرىجە-باسـقۇچلارغا بـــۆلگەن. ھەر باســقۇچتا دەرسـلىك قىلىندىغان ئىلىم ۋە پەنلەرنى بېكىتىـپ، ئىمتىھـان تــۈزۈمنى يولغــا قويغــان. شۇڭلاشقا بىــر ئوقۇغــۇچى ئىلگىرىكـى باسقۇچنىڭ ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگـلەپ، ئىنچىكە ئىمتىھانغا قاتناشماي تۇرۇپ بىر باســـقۇچتىن يەنە بىـــر باســـقۇچقا ئۆتەلمەيتتى.

مــۇھەممەد فاتىــھ بـۇ ئىشـلارنى تەكشۈرۈپ، ئۆزى نازارەتچىلىك قىلاتتى. بەزىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانغا ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولاتتى. ئاربلاپ ـ ئاربلاپ مەدرىسلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلاتتى. ئۇستازلار ئۆتكەن دەرىسلەرگە قاتنىششقا ئۆزنى چوڭ تۇتمايتتى. ئوقۇغۇچىلارنى جەددى بولۇشقا ۋە ئىجتىهاد قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى. تالانتلىق ئوقۇغۇچى، ئىستىبداتلىق ئۇستازلارغا مۇكاپات بېرىشكە چۈيۈنلۈك قىلمايتتى. دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى مەدرىسلەردە تەلىم ـ تەربىيە ھەقسىز ئىدى. بۇ مەدرىسلەردە دەرسلىك قىلىنىدىغان پەنلەر: تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئەدەبىيات، تىل، ئىنژېنېرلىق، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىقلار ئىدى...

ئىستانبۇلغا بىنا قىلغان مەسجىدىنىڭ تۆت ئەتراپىغا سەككىز يۇرۇشلۇك مەدرىس ئىنشا قىلغان. تۆت مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەڭرى سەينا چىقارغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇقۇغۇچىلار ئوقۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى تاماملايتتى. مەدرىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا دىنى ئىلىم قائىدىلىرى، ماتېماتىكا، تەبىئەت قاتارلىق پەنلەر دەرسلىك قىلىناتتى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى قۇرئاندىن بەزى پارىلار يادقا ئالغۇزۇلاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا «يۈزەكى ئۇقۇش» دەپ ئاتىلاتتى. ئىككىنچى باسقۇچتا بۇ پەنلەرنىڭ مەقسىتى دەرس قىلىناتتى، بولۇپمۇ فىقھى. ئۇنىڭغا ئىسلام تارىخى ۋە ئەرەب تىلى قوشۇپ دەرسلىك قىلىناتتى. بۇ يىغىپ ئېيتقاندا ئۇمۇمى مەسىلە ۋە مۇتەخەسسىلىشىشنىڭ دەسلەپكى ساۋادى ئىدى. ئىككىنچى باسقۇچنى تاماملىغانلار ئادەتتە ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنەتتى.

بىراق ئۇقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىغان ئوقۇغۇچى ئۈچىنچى باسقۇچقا قېتىلاتتى. بۇ ئاخىرقى باسقۇچنىڭ ھازىرلىقى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا يۇكسەك پەنلەردە مۇتەخەسسىس بولغان ئۆلىمالار قولىدا دەرس ئالاتتى. ئەگەر دەرسنى ئۇتۇقلۇق تاماملىسا تۆتىنچى باسقۇچ «قورو»غا كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولاتتى.

«قورو مەدرىسىسى» يۇكسەك ئىلمى ئۇنىۋېرسىتېت ئورنىدا تۇرىدىغان بولۇپ، فاتىھ جامەسىنىڭ ئەتراپىغا بىنا قىلىنغان سەككىز مەدرىستىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا «قورو»غا تۇتۇشىدىغان يەنە باشقا سەككىز مەدرىس بار ئىدى.

بۇ مەدرىسكە ئۇقۇغۇچىلار يېتىپ ـ قوپىدىغان، تاماق يەيدىغان تۇرالغۇ سېلىنغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلارغا ئايلىق ئىقتىساد بېكىتىلگەن بولۇپ مەدرىستە يىل بويى دەرس ئۆزۈلمەيتتى. مەدرىسىنىڭ بىر تەرىپىگە شەخسى كۇتۇپخانا ئىنشا قىلغان ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىغا مەسئۇل بولغان كىشىگە كىتاب ۋە ئاپتور ئىسمىغا پىششىق ئەھلى

ئىلمىي، تەقۋادار بولۇشى شەرت قىلىناتتى. كۇتۇپخانىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان كىشى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپ قىلغان كىتابنى سىستېمىلىق، ئىنچىكە ئۇسلۇب بىلەن ئارىيەتكە بېرەتتى. ئارىيەت ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىسمىنى ئايرىم دەپتەرگە خاتىرلەپ ماڭاتتى. بۇ ساقلىغۇچى ئۆز دائىرىسىدىكى كىتابلارغا ۋە ۋاراقلىرىنىڭ ساقلىقىغا مەسئۇل ئىدى. كۇتۇپخانا ئاز دېگەندە ئۈچ ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈلەتتى.

بۇ مەدرىسىنىڭ پروگراممىسى مۇتەخەسسىسلىك سىستېمىسىنى ئۆز قېتىغا ئالغان بولۇپ، نەقلى ۋە نەزەرىيىۋى ئىلىملەرنىڭ ئايرىم بۆلۈمى، تەتبىقى ئىلىملەرنىڭمۇ ئايرىم بۆلۈمى بار ئىدى. ۋەزىرلەر ۋە باي ئۆلىمالار ئىلمىي جەمئىيەت، مەدرىسە، مەسجىد، خەيرىيەت ۋەقپىلىرىنى ئىنشا قىلىشتا رىقابەتلىشەتتى.

## سۇلتان مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئۆلىمالارغا كۆڭۈل بۆلۈشى

مۇھەممەد فاتىھنىڭ نەزىرىدە ئۆلىما ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار ئىدى. فاتىھ ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرەتتى. ئىشلەش ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا رىغبەتلەندۈرۈپ مال دۇنيا سەرپ قىلاتتى. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىغىلا ئاجرىشى ئۈچۈن سوۋغا-سالام، ھەدىيەلەرنى كەڭرى بېرەتتى. قارشى پىكىردىكىلەر بولسىمۇ ئاجايىپ ھۆرمەتلەيتتى. قىرىم ئىمارىتىنى دۆلەتكە قاتقاندىن كېيىن ئىشلەمچى ۋە ئۇستىلارنى يۆتكەپ كىلىشكە بۇيرۇق قىلغان، بىراق ۋەزىرى روم مۇھەممەد پاشا كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان بولۇپ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار ئارىسىدا بەزى ئۆلىمالار، ئەھمەد چەلەبى ئىبنى سۇلتان ئەمىر ئەلى كەبى پازىللارمۇ بار ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئەھمەد چەلەبىيدىن ئەپۇ سوراپ، ھەمراھلىرى بىلەن قېتىپ ۋەتىنىگە چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويغان.

سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ بىرەر ئالىمغا يوقسۇللۇق ۋە كەمبەغەللىك يەتكىنىنى ئاڭلىسا ياردەم بېرىشكە تەخىرسىزلىنەتتى. دۇنيا ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان نەرسىلەرنى بېرەتتى.

مۇھەممەد فاتىھنىڭ رامىزان ئېيىدا پېشىن نامىزىدىن كېيىن تەپسىر ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن بىر توپ ئۆلىمالارنى توپلايدىغان ئادىتى بار ئىدى. ھەر قېتىمدا بىر ئۆلىما قۇرئاننىڭ مەلۇم بىر ئايىتىنى تەپسىر قىلىپ ئىزاھلايتتى. باشقا ئۆلىمالار بۇ مەسىلىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشەتتى. فاتىھ بۇ مۇنازىرىلەرگە ئىشتىراك قىلىپ، ئۆلىمالارنى نۇرغۇنلىغان مال-دۇنيا، ھەدىيەلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## مۇھەممەد فاتىھنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى

سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ رىم تىلىنى پۇختا بىلەتتى. خەلقى ئىچىدە پىكرى گۈللىنىش قوزغاش مەقسىتىدە گرېك، لاتىن، ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا ئەمىر قىلغان ئىدى. بىلوتارىكنىڭ «مەشھۇر شەخسلەر» ناملىق ئەسىرى دەل شۇ ئەسەرلەردىن بىرى ئىدى. ئەندەلۇسلۇق ھەكىم ئەبۇلقاسىم زەھراۋىنىڭ ئوپېراتسىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ رەسىملىرى ۋە ئوپېراتسىيە جەريانىدىكى كېسەللىك ۋەزىيىتىدىن سىرت «مېدىتسىنادا تەرەققىيات» ناملىق ئەسىرنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى.

فاتىھ تىلمۇسنىڭ جۇغراپىيە ھەققىدە يازغان كىتابى ۋە خەرىتىسىنى بايقىغاندا، ئۇنى رىملىق ئالىم «گورج ئەمىرتزوس» بىلەن بىللە مۇتالىئە قىلغان. ئاندىن كېيىن ئۇ ۋە ئوغلىدىن (ئوغلى رىم ۋە ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلەتتى) كىتابنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشنى ۋە شەھەر ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلاش بىلەن بىرگە خەرىتىنى قايتا سىزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. رىم ۋە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى تەلەپ قىلىپ بۇ خىزمەتكە قارىتا ئىنتايىن كۆپ مىقداردا ھەدىيە بەرگەن. ئەللامە ئەلى قۇشچى ئۆز ئەسىرىنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ساھەلىرىدە ئەڭ كاتتا ئالىمى بولۇپ، ھەر قېتىم پارس تىلىدا كىتاب يازسا ئۇنى ئەرەبچىگە ئاغدۇرۇپ فاتىھقا سوۋغا قىلاتتى.

فاتىھ خەلق ئارىسىدا مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئامموۋى كىتابخانىلارنى ئېچىش بىلەن بىرگە تەرجىمە ۋە كىتاب يېزىش ئىشىنى كۈچەيتتى. فاتىھ ئۆزىنىڭ قەسرى ئىچىگە (ئەرەب، تۈرك، پارس، گرېك قاتارلىق تىللاردىكى ئەڭ نادىر، ئەڭ سەرخىل كىتابلاردىن 12مىڭ جىلدلىق كىتابنى ئۆز قېتىغا ئالغان بىر كۇتۇپخانا ئىنشا قىلدى. ئۇنىڭدىن سىرت «قورۇ مەدرىسىسى»گە چاپلاش باشقا كۇتۇپخانا ۋە ئايا سوفىيا مەدرىسىسمۇ بار ئىدى. فاتىھنىڭ ۋەزىرلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۇلتانلارمۇ فاتىھنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ ئىستانبۇل ئىسلام پايتەختلىرىنىڭ ئىسلامى ئەسەر، يارقىن كىتابلارغا ئەڭ باي يېرىگە ئايلاندى. چۈنكى سۇلتانلار ۋە پاشالار ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن قىممەتلىك كىتابلارنى توپلاپ، بۈيۈك جامىئەلەردە (ئۇنىۋېرسىتېتلاردا) ئۆزگىچە خاس كۇتۇپخانىلارنى بەرپا قىلىشقا قاتتىق ھېرىسمەن ئىدى. ھازىرغىچە بۇ كۇتۇپخانىلار ئەرەب قوليازما

ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىللىرىدىن كۆپ مىقدارىنى ساقلاپ ياتماقتا.

**مۇھەممەد فاتىھنىڭ ئىمارەت، قۇرۇلۇش، شىپاخانىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى**

سۇلتان مۇھەممەد فاتىھ مەسجىد، ئىلمى جەمئىيەت، قەسىر، شىپاخانا، كارۋان سارايى، هامام، بازار، ئاممۇي باغچا بىنا قىلىشقا مەپتۇن ئىدى. ئىستانبۇلغا سۇنى ئايرىم قانال ئارقىلىق ئەكىرگەن ئىدى. مۇھەممەد فاتىھ ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالىرىنى، دۆلەتنىڭ ئەركانلىرىنى، بايلارنى، ئاقسۆڭەكلەرنى (ئېسىلزادە، يۇقىرى قاتلام كىشىلەرنى) بىنا سېلىش، دۇكان، هامامىلارنى ئىنشا قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرگە گۈزەللىك، ھەشەمەت بېغىشلايدىغان قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

فاتىھ ئىستانبۇلنى دۇنيا پايتەختى، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ مەركىزى قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى.

ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە ئىمارەتلەر كۆپىيىپ كەتكەچكە، شىپاخانىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ گۈزەللىك، ئىنچىكىلىك، يارقىنلىقتا ۋايىغا يەتكەن ئۆلگىلىك قانۇن تۈزۈپ چىققان. پۈتۈن شىپاخانىلارنى بىردىن دوختۇرغا تاپشۇرغان (كېيىنچە ئىرق ئايرىماستىن ئۇستا دوختۇردىن ئىككىنى قوشۇپ بەرگەن) ئۇنىڭغا كۆز دوختۇرى، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى، دورىگەر، بىر بۆلۈك خىزمەتچى ۋە دەرۋازىۋەنلەر ياردەملىشەتتى.

شىپاخانىدا ئىشلەيدىغان ھەرقانداق ئادەمگە قانائەتچان، مېھرىبان، ئادەمگەرچىلىكى بار بولۇشنى ئالدىن شەرت قىلىش بىلەن بىرگە دوختۇرلارنىڭ بىمارلارنى كۈندە ئىككى قېتىم يوقلىشى كېرەكلىكىنى، دورىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشتىن (لابوراتورىيەلىك) ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

شىپاخانا ئاشپەزلىرىگە بىمارنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تاماق تۈرلىرىنى بىلىشنى شەرت قىلغان. شىپاخانىدىكى پۈتۈن دورىلار مىللەت، ئىرىق، دىن ئايرىمچىلىقىدىن خالىي ھەممە ئادەمگە ھەقسىز ئىدى.

گۈللىنىشنىڭ ۋايىغا يېتىشى، پەتھىنىڭ نېسىپ بولۇشى ئاللاھقا چىن ئىخلاس قىلىش، ئىلىمگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۈممەتنىڭ ئەۋلادلىرىنى شەرئىي ئىلىمگىلا چەكلەپ قويماستىن تەرەققىيات ۋە يۈكسەكلىككە ۋاستە بولىدىغان «مېدىتسىنا، ئىنژېنېرلىق قاتارلىق» ساھەلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەندە ئاندىن قولغا كەلگەن. [1]

---

[1] تەرجىمان ئىستانبۇل تەجدىد ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




تارىختا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئىدىيىسى ۋە خاھىشىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئىزچىل ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان پەلەك گەردىشىنى ئايلىنىشتىن توختىتىش خىيالىدا بولۇپ بېقىشتى.

بىر كۈنلىرى ماركس شۇنداق جاكارلىغانىدى: سىنىپىي كۈرەش (سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسى ئەسلىدە مەشھۇر گېرمان پەيلاسوپى گېگېلنىڭ «زىددىيەتلەر كۈرىشى» نەزەرىيىسىدىن مەنبەلەنگەن) بىر تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر. بۇ كۈرەش تاكى پرولېتارىيات سىنىپى ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ، ئەزگۈچى سىنىپ كاپىتالىستلار ۋە بۇرژۇئازلاردىن پۈتۈن ھوقۇقنى تارتىپ ئالغۇچە داۋاملىشىدۇ. پرولېتارىيات سىنىپى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەندە پۈتۈن مەسىلىلەر ھەل بولۇپ، ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان دىن، ئائىلە، سىنىپ ۋە مىللەت ئۇقۇملىرى يوقايدۇ، ئادەملەر ئومۇميۈزلۈك باراۋەرلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ، ئۇلارئارىسىدىكى بارلىق پەرقلەر تەلتۆكۈس تۈگەيدۇ، تارىخ دەل مۇشۇ نۇقتىدا ھەرىكەتتىن توختايدۇ، نە ئالدىغا، نە كەينىگە ھەركەت قىلمايدۇ.

بۇخىل ئۇتوپىيىلىك «تارىخنىڭ ئاخىرى» نەزەرىيىسى ئىسلام دىنى ۋە باشقا دىن مۆرىتلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى ئاللاھ سالىھ بەندىلىرىگە ۋەدە قىلغان

ئەبەدىيلىك جەننەتنىڭ ئورنىغا، كوممۇنىستلار ئىنسانلارغا ۋەدە قىلغان كوممۇنىزم جەننىتى ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ ئۇتوپىيە جەننىتى ۋەدە قىلىنغان كىشىلەر ئۈنىڭغا ئېرىشىش تۈگۈل، يېقىنمۇ بارالمىدى، ھەتتا قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئەكسىچە تىرىك تۇرۇپ جەھەننەم ئازابىنى تارتتى. گۈزەل ھايات قۇرۇپ چىقىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش باھانىسىدا ھۆرلۈكدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىندى، لېكىن ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ئىنسانلار دىنىنىڭ ئورنىنى بېسىش ئۈچۈن ياكى مەشھۇر تارىخچى ئارنولد تويىنبىنىڭ تەبىرى بويىچە ئىپادىلىگەندە ئىنسانىنى «ئىجتىمائىي ھاشارەت» كە ياكى چۈمۈلە تويىدىكى بىر چۈمۈلىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كەشپ قىلىنغان بارلىق ئىدېئولوگىيىلەر يىمىرىلدى، تىرىشچانلىقلار يوققا چىقتى. ئىنسانىنىڭ دىن ئېھتىياجى ئۆز پېتى داۋاملىشىپلا قالماستىن، بەلكى ماتېرىيالىزم ۋە پراگماتىزم ئىدىيىلىرىنىڭ يامراپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتلەرنى يىمىرىپ تاشلىشى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدىغان شەخسىيەتچى ۋە راھەتپەرەس مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىشى بىلەن بۇ ئېھتىياج تېخىمۇ كۈچەيدى.

سۆزىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، كوممۇنىستلار بىر مەزگىل تارىخنى مۇئەييەن بىر نۇقتىدا دەۋردىن توختىتىپ، تارىخنىڭ ھەرىكىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى چۈشەكەشكەندى. كېيىن شاھىد بولدۇقكى، تارىخ ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ، يەر يۈزىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بىر مەھەل جاھاننى بېشىغا كىيگەن كوممۇنىزممۇ بەربات بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ شىرىن چۈشى بىردىنلا توزۇپ كەتتى، تارىخنىڭ چاقى بولسا ھېلىھەم دەۋر قىلىشتىن توختىغىنى يوق.

سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئامېرىكىلىق ياپون مۇتەپەككۇرى فىرانسىس فۇكۇياما «تارىخنىڭ ئاخىرى» ناملىق كىتابى بىلەن پىكىر دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى. بۇ كىتاب 1993-يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، مۇتەپەككۇر كىتابىدا تارىخ ھەرىكىتىنىڭ كاپىتالىزم، دېموكراتىك لىبېرالىزم ۋە ئەركىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى، بۇنىڭ نۆۋەتتىكى يېڭى زامان تەبىئىي يەن مەنتىقىسىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىزم ۋە باشقا تۈردىكى بارلىق سابىق ھاكىمىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇب بولۇپ، پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇنيانىڭ بىردەك دېموكراتىك لىبېرالىزم ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئىنسانىيەتكە مۇۋاپىق بىردىنبىر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەندى.

بىراق يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق ئۈچ ساماۋى دىن تارىخىنىڭ فۇكۇياما ئېيتقاندەك ئەمەس، باشقىچە يوسۇندا ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۈچىلى دىندا ئاللاھ ئاسماندىن بىر مەسىھ مۇنتەزەر ئەۋەتىدۇ، مەسىھ مۇنتەزەر يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ دىنى ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئادالەت ۋە ئىزگۈلۈككە ھامىي چىقىپ، زۇلۇم ۋە بۇزۇقچىلىقلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچىدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ئاخىر زاماندا ئاسماندىن مەسىھ مۇنتەزەر چۈشىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىمىز، مەسىھ مۇنتەزەر چوقۇم چۈشىدۇ ۋە ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ زېمىننى ئەدلى-ئادالەتكە، خەيرۇ-بەرىكەتكە تولدۇرىدۇ. بىراق بىز بۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بۇ قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، يۈز بېرىش ۋاقتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئۇشبۇ كىتاب نەشردىن چىقىشى بىلەنلا نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلاندى ۋە تەھسىن-باركاللالارغا سازاۋەر بولدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلمدارلار بۇ كىتابقا يېقىندىن دىققەت قىلدى. كىتابنىڭ ئىدىيىسى بەزىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، بەزىلەر ئېتىراز بىلدۈردى. ھالبۇكى بۇ كىتاب مەيلى ئىلمىي ۋە لوگىكا نۇقتىسىدىن بولسۇن، ۋە ياكى رېئاللىق نۇقتىسىدىن بولسۇن ھېچقانداق كۈچلۈك دەلىل-پاكىت ئاساسى بولمىغان بىر پەرەزدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. كوممۇنىزم ئىدىيىسى، كوممۇنىزمنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى ۋە كوممۇنىستىك مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈمنىڭ مەغلۇب بولۇشى ئۇنىڭ رەقىبى لىبېرال كاپىتالىزمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئەجەبا، نېمە ئۈچۈن كوممۇنىزم ۋە كاپىتالىزمدىن بۆلەك، دېكتاتورمۇ ئەمەس، لىبېرالمۇ ئەمەس باشقا بىر سىياسى نەزەرىيە، باشقا بىر سىياسىي تۈزۈم ۋە ياكى باشقا بىر ھاكىمىيەت سىستېمىسى مەيدانغا كەلسە بولمىغۇدەك؟!

بارلىققا كەلگۈسى بۇ تۈزۈم شۇنداق تۈزۈمكى، يۇقىرىقى ھەر ئىككى لاگېرنىڭ ھېچقايسىسىغا مەنسۇپ ئەمەس، بىراق ھەر ئىككىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى قوبۇل قىلىپ، خاتالىقلىرىنى رەت قىلىدۇ، رادىكال ئىندىۋىدۇئاللىقنى تەرغىپ قىلمايدۇ، پۈتۈنلەي كوللېكتىپچىلىقنىمۇ تەكىتلىمەيدۇ، بۇ تۈزۈم كۆپ تەرەپ ئارىسىدا تەڭپۇڭلۇق شەكىللەندۈرگەن

بولۇپ، نۇرغۇن كىشلەر بىرلەشتۈرۈش ئىمكانسىز دەپ قارايدىغان ماددا بىلەن روھ، ئىدېئالىزملىق بىلەن رېئالىزملىق، رەببانىيلىق بىلەن ئىنسانىيلىق، ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن كوللېكتىپچىلىق، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت، تەقدىرچىلىك بىلەن ئەركىنچىلىك، ئەقىل بىلەن ۋەھى، نەس بىلەن ئىجتىھاد، ھوقۇق بىلەن بۇرچ، ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات قاتارلىق ئىككى تەرەپچىلىك ياكى ئاتالمىش زىتلىقلار ئارىسىنى بىرلەشتۈرگەن تۈزۈمدۇر.

مانا بۇ ئىسلام ئالەملەرگە رەھمەت، قايمۇققانلارغا ھىدايەت بولۇشى ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەت ئارا تىنچلىق، قېرىنداشلىق، ئادالەت مەنىلىرىنى ھەققى رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئارماغان قىلغان تاكامۇل ھايات سىستېمىسىدۇر.

**مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى**

فۇكۇياماننىڭ كىتابى گەرچە خەلقئارادا ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ۋە سىياسەت قاتارلىق ساھەلەردە زور داغدۇغا قوزغاپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلان ـ تەشۋىقاتنىكى كۆپتۈرۈش ۋە مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ماددى ۋە مەنىۋى ساھەلەردە ئامېرىكا مەھسۇلاتلىرىغا بازار ئېچىش ھەلەكچىلىكىدە ھەممە پاتپاراق بولۇپ كەتكەن بىر ئۆمرى كوتا ئارىسالدى دەۋرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق كىتاب نەشر قىلىنىپ ئىككى يىل بولا ـ بولمايلا دەل شۇ يەرشارى ئىستراتېگىيىسى ۋە دۇنيانىڭ كېلەچىكى تېمىسىغا بېغىشلانغان يەنە بىر ئەسەر ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى.

ئۇ دۇنياغا مەشھۇر خارۋارد ئونىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسەت پەنلىرى پروفېسسورى، ھۆكۈمەت بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار ئىستراتېگىيە تەتقىقاتچىسى، يەنە كېلىپ بىر يەھۇدىي سامۇئېل خانتىڭتوننىڭ كىتابى ئىدى. «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نامىدا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بۇ يېڭى ئەسەر تېزلا ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، بىردىنلا مەشھۇر ئەسەرگە ئايلاندى.

ئەسلىدە كىتاب ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن يېقىن باغلىنىشى بولغان «دىپلومات» ناملىق ژۇرنالغا بېسىلغان بىر ئۇزۇن ماقالىدىن ئىبارەت ئىدى، بىراق بۇ ماقالە ئۆزى شۇنچىلىك زور داغدۇغا پەيدا قىلدىمۇ ياكى جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت ـ نەزىرى قەستەن بۇ ماقالىگە قارىتىلدىمۇ؟ ئەيتاۋۇر «تارىخنىڭ ئاخىرى» ناملىق كىتاب قىززىق نۇقتا بولۇشتىن قېلىپ، بۇ ماقالە بىردىنلا ھەممىنىڭ دىققەت ئوبيېكتىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماقالە ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن دەتالاش، مۇنازىرە ۋە تەنقىدلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەيدانغا كېلىشكە سەۋەب بولدى. بەزىلەر قوللىسا، بەزىلەر قارشى تۇردى. بەزىلەر بىر پۈتۈن قارشى تۇرسا، يەنە بەزىلەر قىسمەن قارشى تۇردى. نەتىجىدە ئاپتور ئۆز ماقالىسىگە يېزىلغان تەنقىد ۋە مۇلاھىزىلەرگە ئىپادە بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ماقالىسىگە يېقى مەزمۇنلارنى قېتىپ، بېيىتىپ ۋە كېڭەيتىپ كىتاب شەكلىگە كەلتۈردى ۋە ئۆز كۆز قارىشىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە پاكىتلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ يەردە كۆپچىلىكنىڭ ئويلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن، بىر زۆرۈر سوئال قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم: بۇ كىتاب نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك زور داغدۇغا قوزغاپ، بىردىنلا ھەممىنىڭ دىققەت ـ نەزىرىنى ئۆزىگە قاراتقان قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى؟

خانتىڭتوننىڭ قارىشىچە تارىخ تېخى ئاخىرقى نۇقتىسىغا كەلمىگەنىدى، كۈرەش ۋە توقۇنۇشلارمۇ تېخى ئاياغلاشمىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە كوممۇنىزم تەھدىتىنىڭ يوقىلىشى تەرەپلەر ئارىسىدىكى كۈرەش سەھىپىلىرىنىڭ يىپىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەكسىچە تارىخنىڭ سادىقىدا تېخىچە ئېتىلمىغان ئوقلار بار ئىدى. يۇشۇرۇن كۈرەشلەر مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە، كۈرەشلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان تۈرلۈك ئامىللارمۇ مەۋجۇت ئىدى. بىراق ئەمدىكى توقۇنۇشلار دىكتاتور كوممۇنىزم ۋە لىبىرال كاپىتالىزمغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە قارشى ئىدېئولوگىيىلەر ۋە تۈرلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشى سەۋەبىدىن يۈز بەرمەيتتى، يۈز بەرگۈسى كۈرەش ۋە توقۇنۇشلار مەدەنىيەت ۋە ھەزارەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلار سەۋەبلىك، ھەمدە ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلاش ئۇرۇنۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسان، كائىنات، دىن، ھايات ۋە تارىخ قارىشىنى باشقا مەدەنىيەتلەرگە تېڭىشى نەتىجىسىدە يۈز بېرەتتى.

ئاپتورنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، كەلگۈسىدە بىر ـ بىرى بىلەن توقۇنۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان مەدەنىيەتلەر يەتتە ياكى سەككىز بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: غەرب مەدەنىيىتى، كۇڭزى مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئورتودوكس سلاۋيان مەدەنىيىتى، لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى ۋە تۆۋەن ئېھتىمال بىلەن ئافرىقا مەدەنىيىتى.

قەدىمدە ئۇرۇش ـ كۈرەشلەر پادىشاھ ۋە ئىمپىراتورلارنىڭ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش ھەۋىسى تۈپەيلى يۈز بېرەتتى؛ فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش ۋە كۈرەشلەرنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىگە ئايلاندى، ئاندىن كېيىنكى توقۇنۇشلار ناتسىزم، فاشىزم ۋە

ئۆلارنىڭ بۆيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى، فرانسىيە، روسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەرگە قارشى شەكىللەندۈرگەن ئوق مەركىزى دۆلەتلىرىگە ئوخشاش كۆچلۈك سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن توقۇنۇشلار كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمغا ئوخشاش بىر-بىرىگە قارشى ئىدېئولوگىيىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى.

بىراق، خانتىڭتوننىڭ قارىشىچە ئەمدىكى توقۇنۇشلار-كوممۇنىزم يىمىرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن-پەرقلىق مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا يۈز بېرەتتى، بولۇپمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەتتە مەدەنىيەت ئارىسىدا.

بەزى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك بىزنىڭمۇ قارىشىمىز شۇكى، ئاپتور مەدەنىيەتلەرنى تۈرگە ئايرىشتا بىرلا خىل ئۆلچەم قوللانمىغان؛ غەرب مەدەنىيىتىگە ئوخشاش بەزى مەدەنىيەتلەرنى جۇغراپىيىلىك تەرەپ ئاساسىدا ئايرىغان بولسا، ھىندى مەدەنىيىتى، ياپون مەدەنىيىتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىق بەزى مەدەنىيەتلەرنى رايون ئاساسىدا ئايرىغان؛ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئورتودوكس سلاۋىيان مەدەنىيىتىنى تۈرگە ئايرىشتا دىننى ئاساس قىلغان بولسا، كۇڭزى مەدەنىيىتىدە پەلسەپىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان.

گەرچە ئاپتور ئىسلام ۋە ئورتودوكس سلاۋىيان مەدەنىيىتىدىن باشقا مەدەنىيەتلەرنى تۈرگە ئايرىشتا دىننى ئاساس قىلمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەدەنىيەتلەرنى تۈرگە ئايرىشتا دىننى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغىنى مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ.

ئالايلۇق، ھىندى مەدەنىيىتى ھىندى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، ھىندى دىنىدىكى بۇتخانىلار، كالا ۋە باشقا ھەرخىل ئىلاھلار، مەشھۇر براھما پەلسەپىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەيدىغان تەبىقە سىنىپلانمىسى قاتارلىقلار ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى بولغىنىدەك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھىندى دىنىنىڭمۇ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدىغان ئېتىقاد خاراكتېرىگە ئىگە تەركىبلەردۇر. ياپون مەدەنىيىتىمۇ ئەمەلىيەتتە دەل شىنتو مەدەنىيىتىدىن ئىبارەتتۇر، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى كۇڭزى مەدەنىيىتى دېگەندىن كۆرە بۇددا مەدەنىيىتى دېيىش ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق.

ئەمەلىيەتتىمۇ مەدەنىيەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل دىندۇر، بۇ نۇقتىنى خانتىڭتون ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ تىل، تارىخ، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق تەركىبىي قىسىملىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، مەدەنىيەتتىكى ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ دىن ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. خانتىڭتون بۇ ئارقىلىق ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نەزەرىيىسىدىكى تارىخى مۇقەررەرلىك ھېسابلىنىدىغان مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئەمەلىيەتتە دىنلار توقۇنۇشى ئىكەنلىكىدەك ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. خانتىڭتون بۇ نۇقتىدا « مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى دىن، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى پەرق ئۇلار ئارىسىدىكى دىنىي پەرق ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ» دەپ قارايدىغان بىر قىسىم غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن ئورتاق قاراشقا ئىگە.

خانتىڭتوننىڭ تەرىپلەشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، ئۇ دۇنيانىڭ پەرقلىق مەدەنىيەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بۇ تولىمۇ مۇھىم نۇقتىدۇر، ئۇ بۇ ئارقىلىق (مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋى قىسمى) بىلەن مەدەنىيەتتىن (مەدەنىيەتنىڭ ماددى قىسمى) ئىبارەت پەرقلىق ئىككى ئۇقۇمنى بىر ئورۇنغا قويۇپ، بۈگۈنكى دۇنيادا غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بىرلا مەدەنىيەت بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئېقىمغا قارشى رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، غەرب مەدەنىيىتى ئاللىبۇرۇن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە ئايلانغان بولۇپ، غەرب مەدەنىيىتى غەرب ـ شەرق، شىمال ـ جەنۇب، ساماۋى دىن ئېتىقادچىلىرى ۋە بۇددىستلار، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە ئاتېيستلار ھەممىسىگە ئورتاق مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەت غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى، غەربنىڭ پەلسەپىسى، ھايات ۋە كائىنات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، قىممەت قاراشلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تۈزۈملىرىگە ماس ھالدا ئۆزىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشى ۋە ئۆزى ئۈستىدە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە بۇ قاراشتىكى كىشىلەر روھىي جەھەتتىن مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغان كىشىلەردۇر، ئۇلار رېئاللىقنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، غەربنىڭ ماددىي كۈچ ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنى پەلسەپە ۋە نەزەرىيە ئارقىلىق قوغداپ قېلىش ئىستىكىدە بولۇۋاتىدۇ.

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا بۈگۈنگە قەدەر ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە ھېلىھەم پائال رول ئويناۋاتقان بىر نەچچە مەدەنىيەت مەۋجۇت. مەلۇمكى ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆز پەلسەپىسى، ئىنسان، كائىنات، ھايات، دىن ۋە دۇنيا ھەققىدە سىستېمىلىق قاراشلىرى، شەكىللىنىش مەنبەسى، تەۋە دائىرىسى ۋە شانلىق تارىخى بولىدۇ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى بولىدۇ.

ياخشىسى بىز ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ۋە خاسلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئەجابىي تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ناچار

ۋە سەلبىي تەرەپلىرىدىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. يەنە شۇ ئېسىمىزدە بولىشى كېرەككى، ھېچكىم ھەرقانداق بىر مىللەتنى ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، تارىخىي يىلتىزىدىن ئۈزۈلۈشكە مەجبۇرلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس، بىراق مەلۇم مىللەت ئۆز ئىختىيارى ۋە ئەركىن ئىرادىسى بىلەن بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە يۆتكەلمەكچى بولسا، بىز ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىمىز.

مەسىلەن، ئىران ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز ئىرادىسى بىلەن پارس مەدەنىيىتىنى تاشلاپ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى، مىسىرمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قەدىمقى مىسىر مەدەنىيىتى ۋە رىم مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبى قىسمىغا ئايلاندى، دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسە ئېپتىدائىي بەربەر مەدەنىيىتىنى تاشلاپ ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان شىمالىي ئافرىقىدىمۇ يۈز بەردى.

خانتىڭتوننىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى خەلقئارادا تەسىر كۈچىگە ئىگە ۋە ئەڭ گەۋدىلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشىمۇ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ، دەرۋەقە شۇنداق. بۇ ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان غەرب مەدەنىيىتىگە مەپتۇن، ئۇمىد نۇرى ئۆچۈك كىشىلەرگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاپ، روھىيىتى مەغلۇب بولغان بۇ كىشىلەرچە بولغاندا، بىز ئۆز يىلتىزىمىزغا ئۆزىمىز پالتا ئۇرۇپ، مەدەنىيەت ئاساسىمىزنى ۋەيران قىلىشىمىز، ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى دەپنە قىلىۋېتىپ، غالىپ ۋە قۇدرەتلىك غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىدىيىلىرىنى، قىممەت قاراش ۋە ھايات ئۆلچەملىرىنى، ئەدەبىيات ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى، ئىشقىلىپ غەربكە تەئەللۇقلىكى ھەممە نەرسىنى غىڭ قىلماستىن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

ناۋادا راستتىنلا شۇنداق بولۇپ كەتسەك ئۆز مەدەنىيىتىمىزدىن يەنە بىرەر نەرسە قالارمۇ ـ ھە؟!

ئەمەلىيەتتە خانتىڭتون بۇنچىۋالا نەرسىلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى ۋە ئەندىشىسىنى يۇشۇرۇن ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى ۋە ئەندىشىسى دەل غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى، ئۇدۇللا ئېيتقاندا ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، تۆۋەندە بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە مۇشۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىمىز.

ئاپتور كىتابىدا ياپون مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئورتودوكس سلاۋيان مەدەنىيىتى ۋە لاتىن ئامېرىكىسى مەدەنىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەتلەر بىلەن ئوخشايلا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يېقىنلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. بىراق ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە كۇڭزى مەدەنىيىتى قاتارلىق ئىككى «قاتتىق سۆڭەك» مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان مەدەنىيەتلەر كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىۋەتكەن ۋە بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك ئېھتىماللىق بىلەن ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىدىغانلىقى ۋە يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ياكى ئىتتىپاق تۈزۈپ، غەرب مەدەنىيىتىگە سەل چاغلاشقا بولمايدىغان كۈچلۈك تەھدىت شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

### مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىمۇ، مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىمۇ ياكى دىنلار توقۇنۇشىمۇ؟

كۆپلىگەن ئوبزورچىلار ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلارغا تۈرتكە بولىدىغان ھەقىقىي ئامىلنىڭ خانتىڭتون ئوتتۇرىغا قويغاندەك مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەس، بەلكى چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكى ئىكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، خانتىڭتوننىڭ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەدەنىيەتلەر دىئالوگىغا مەسئۇل خادىمى دوكتۇر بىيكو دەل شۇلارنىڭ بىرى، دوكتور جابىرىمۇ خانتىڭتون ۋە ئۇنىڭ كىتابىغا يازغان تەنقىدىدە ئۆزىنىڭ شۇنداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دوكتۇر جابىرى مۇنداق دەيدۇ: ئاپتورنى راستىنلا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ كەلگۈسىدە خەلقئارا تىنچلىقىغا ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلغان بىرى دەپمۇ تۇرايلى، ئەگەر ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ مەسىلىلىرىنى چۈشىنىش ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدىغان ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىش ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان بىرى بولسا ئىدى، چوقۇم ھەرقايسى تەرەپ ۋە دۆلەت ـ مىللەتلەرنى بۇ خەتەرنى ئاڭقىرىشقا چاقىرىپ، بۇ ئەجەللىك خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كېتەرلىك زۆرۈر تەدبىرلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ھەققىدە ئۇلارغا تەلەپ سۇنغان بولاتتى. بىراق ئۇ دەل ئەكسىچە يول تۇتتى، باشتىن باشلاپلا مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى نەزەرىيىسىگە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان پەرەز سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارچە مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىردىنبىر تارىخىي ھەقىقەت سۈپىتىدە

قارىدى. ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتالمىش بۇ «تارىخىي ھەقىقەت» نى دەلىللەيدىغان ھادىسە ۋە مىساللارنى جەملەپ، تارىخنىڭ قۇرۇلمىسىنى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نەزەرىيىسى بويىچە قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئۇ يەر-بۇ يەردىن تېرىۋالغان مىساللىرىنى قاملاشمىسىمۇ زورىغا كەلتۈرۈپ ئۆز نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ چۈشەندۈردى، بىر مىسالنى تەكرار-تەكرار سۆزلەپ يۈرۈپ گەپ ئويىنىتىپ، ئۆز نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى، لوگىكا تەبىرى بىلەن ئىپادىلىگەندە ئۇنىڭ ئىشلەتكىنى پۈتۈنلەي كۆز بوياش ۋە ساختا دەلىللەشتىن ئىبارەت لوگىكىلىق قىلتاقتۇر.

ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى كۆپتۈرۈش، ئەندىشە تۇغدۇرۇش ۋە ئوقۇرمەنلەرنى يۈز بەرگۈسى مەسىلىلەردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش ھەمدە كېلىپ چىققۇسى ھەرقانداق نەتىجىلەرنى قوبۇل قىلالايدىغان ئىدىيۋى ئاساس يارىتىشتۇر. غەربنىڭ داۋاملىق ھەربىي ھازىرلىقلىرىنى كېڭەيتىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى ئاشۇرۇشى دەل بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ۋە كىشىلەر قوبۇل قىلىشى كېرەك بولغان نەتىجىدۇر. بىراق ئەسەرنىڭ ئەسلى خەتەرلىك نۇقتىسى بۇ ئەمەس، دۇنيادىكى يادرولۇق ئورنىنى ۋە دۇنياغا بولغان كونتروللۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن غەربنى پۈتۈن ۋاسىتىلەر بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىق قىلىش چۈشىنىشلىك ۋە نورمال ھادىسە.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دەيدۇ دوكتۇر جابىرى، ئەسەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن نەتىجىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇ نۇقتا ئەسەرنىڭ پەقەت بىر نەچچە قۇر يېرىنىلا ئىگىلەيدۇ، ئامېرىكا تەبىرى بويىچە ئىپادىلىگىنىمىزدە ئەسەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى ياكى ئەسەرنىڭ يۈرىكى «ئىسلام بىرىنچى دەرىجىلىك رەقىپ، جۇڭگو ئىسلامدىن بىر ئاز يەڭگىلرەك دۈشمەن» دېگەن ھالقىلىق ئىدىيىگە خۇلاسىلىنىدۇ. شۇڭا ئاپتور مەيلى تارىخى ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، مەيلى بۈگۈنكى كۈنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشتا بولسۇن ھامان ئىسلامنى مەركىزى ئورۇنغا قويغان، ئەكسىچە جۇڭگو ھەققىدە شەرقى جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات يۈنىلىشى ھەققىدە توختالغاندىلا ئازراق سۆز قىستۇرۇپ ئۆتكەن.

يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئىسلام غەربتىكى ئاساسلىق دىققەت ئوبيېكتىغا ئايلاندى، غەربنىڭ دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقىنى نە دىن سۈپىتىدىكى، نە ھاكىمىيەت سۈپىتىدىكى ئىسلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەمەس، چۈنكى دەل مۇشۇ ئىسلام تېخى تۇنۇگۈنلا غەربنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى ئىتتىپاقدىشى ئىدى.

تۇنۇگۈن راستىنلا شۇنداق ئىدى، بىراق بۇگۈن ئىسلام غەربنىڭ نەزىرىدە- خانتىڭتون قەلىمىدە- پۈتۈنلەي باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇ ھازىر بىرىنچى نومۇرلۇق رەقىپ، بۇگۈن ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئەتە چوقۇم ئىسلامنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ رەقىبلىك ھالىغا كەلگەن بولاتتى. ياق، ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ مەيدانىدىكى بۇ خىل تۇراقسىزلىق تۇنۇگۈنمۇ مەۋجۇت ئىدى، بۇگۈنمۇ مەۋجۇت ۋە ئەتىمۇ ئوخشاشلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. بىراق نېمىشقا يېقىندىن بۇخىل ئىسلام ئەندىشىسى مەيدانغا كېلىدۇ، تۇنۇگۈنكى دوست نېمىشقا بىردىنلا بۇگۈنكى يېقى دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟

دوكتور جابىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دەيدۇ: غەربنىڭ پەقەت بىرلا « ئۆزگەرمەس پىرىنسىپى» بار، ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسە ۋەزىيەتكە بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، غەربنىڭ ئەرەبلەرگە، ئىسلامغا، جۇڭگوغا، ياپونىيەگە ياكى دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەتكە بولغان قارىشى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرۇشى مۇمكىن، ھېلىقى «ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ» تەقەززا قىلغاندا دوست- دۈشمەنلىك ئورنىدا تەلتۆكۈس ئالمىشىش يۈز بېرىپ، دوست بىردىنلا دۈشمەنگە، دۈشمەن دوستقا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، غەربنىڭ قارىشىدىكى «ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ» دەل غەربنىڭ مەنپەئەتىدۇر، پەقەت غەرب مەنپەئەتىنىڭ دەخلىگە ياكى تەھدىتكە دۇچ كېلىشىلا غەربنىڭ دوست- دۈشمەن قارىشىدا ئۆزگىرىش يارىتالايدۇ.

دوكتور جابىرى سۆزىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ: غەربتە بىردىنبىر ئېتىراپ قىلىنىدىغان نەرسە مەنپەئەتتۇر، مەنپەئەتتىن باشقا ھەرقانداق نەرسە غەربتە ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، «غەرب = مەنپەئەت» فورمۇلىسى بويىچە قىلىنمىغان ھەرقانداق دىيالوگ ۋە ھەرقانداق قارشى تۇرۇش ئۇرۇنۇشى غەربنىڭ كولىغان ئورىسىغا چۈشكەنلىكتۇر ۋە غەربتە يامراپ كەتكەن ساختا، كۆز بويامچى، يالغان- ياۋىداقنىڭ ئولجىسىغا ئايلانغانلىقتۇر. غەرب بۇنداق يالغان- ياۋىداقلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەسلى مەقسەت بولمىش مەنپەئەتتىن بۇرايدۇ، مەنپەئەتنى مەدەنىيەت، كۇلتۇر، دىن ۋە ئەسلىيەتچىلىك دېگەندەك تونلارغا ئوراپ بازارغا سالىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ھەم جامائەت پىكرىنى سەپەرۋەر قىلىشتا پايدىلىنىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسىنى يوشۇرۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

مېنىڭ دوكتور جابىرىغا دەيدىغىنىم شۇكى، توغرا، غەرب راستىنلا پۈتۈنلەي مەنپەئەتنىڭ كونتروللىقىدا، بىراق

ئىسلامغا نىسبەتەن غەرب مەنپەئەت بىلەن بىرگە يەنە بىر نەچچە كونا ـ يېڭى غۇمنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ غۇملار ئاداۋەت ۋە ئەندىشىدۇر. بۇ ئاداۋەت ئەھلىسەلىپ يۇرۇشلىرى، تېخىمۇ ئىلگىرى سۇرگەندە ئەسلى خىرىستىيانلارغا تەۋە، ئەمما فەتھىسىدىن كېيىن ئىسلام تۇپراقلىرىغا ئايلانغان يەرمۇك، ئەجنادەين، مىسىر ۋە شىمالى ئافرىقا فەتھىلىرىدىن قالغان يادىكار ئاداۋەتتۇر.

يەنە بىر غۇم ئەندىشە باركى، غەرب ئىسلامنىڭ يەنە بىر قېتىم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىدىن ئەندىشىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىككى غۇم غەربنىڭ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىدىن تۇيىقى سىرقىرىشىنىڭ، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە توسالغۇ بولۇش ئۈچۈن زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىشىنىڭ ۋە داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى يېڭى دۈشمەن «ئىسلام تەھدىتى» ھەققىدە داۋراڭ سېلىشىنىڭ سىرىدۇر.

ئۇلار ئىسلامنى «يېشىل خەتەر، سالاھىددىننىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش خەتىرى» دەپ ئاتايدۇ، گەرچە مۇسۇلمانلار ئاجىز ۋە چېچىلاڭغۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ھەقىقىي ئەندىشە قوزغايدىغان خەتەر دەل ئىسلامدۇر، دەرۋەقە «قىزىل خەتەر» سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىشى بىلەن تەڭ، غەرب «سېرىق خەتەر» جۇڭگو بىلەن يىرىك مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىۋالدى.

ئەندىشە ۋە ئاداۋەت ھېسسى راستىنلا غەربنىڭ ئىسلامغا قارىتا قوللانغان سىياستى ۋە ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئامېرىكىدا تەۋراتقا باغلىق خىرىستىيان ئەسلىيەتچىلىكى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەۋاتقان دىنىي ئېقىم بۇ ئەندىشىلەرنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ، ئىشەنچلىك ئىلمى تەتقىقاتلاردا بۇ تۈر خىرىستىيان ئەسلىيەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ زىئونىزم ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

غەربلىكلەر ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس، ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئىنساپلىق، ھەققانىيەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق، بىز چىن دىلىمىزدىن غەربنىڭ بۇخىل ئەندىشە ۋە ئاداۋەت غۇملىرىدىن خالاس بولۇپ، مۇسۇلمانلارغىمۇ خەلقئارادىكى باشقا مىللەت ۋە كۈچلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك نورمال مۇئامىلە قىلىشىنى ھەمدە ئۇلار ئىچىدىكى ئىنساپلىق ۋە ھەققانىيەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




بىز ئۆتكەنكى ساندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىپ، مۆجىزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ راستچىللىقىنى ۋە ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى مۆجىزە ئارقىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى دەلىللىرى بىلەن بايان قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان مۆجىزىلىرىنى مىسال سۈپىتىدە كەلتۈرگەن ئىدۇق. نۆۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلغان مۆجىزىلىرىدىن بىر نەچچە ئۆرنەك كەلتۈرمەكچىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان مۆجىزىلىرى ئىنتايىن كۆپ. بىز پەقەت بۇخارى ۋە مۇسلىمدا يەر ئالغان ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن بايان قىلىنغان مۆجىزىلەردىن بىر نەچچىنى كەلتۈرۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

### 1. تاماقنىڭ كۆپىيىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازغىنە تاماقنى كۆپەيتىپ نەچچە يۈز كىشىلىك قوشۇننى تويغۇزغانلىق ۋەقەسى كۆپچىلىك ساھابىلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا بىر نەچچە قېتىم يۈز بەرگەن مەشھۇر ۋەقە. مەسىلەن: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: خەندەك قېزىلغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچلىقتىن ھالسىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ،

ئۆيۈمگە بېرىپ ئايالىمدىن: يېنىڭدا يەيدىغان بىر نەرسە بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچلىقتىن ھالسىراپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، دېدىم. ئايالىم بىر خالتىنى چىقاردى. ئۇنىڭدا ئىككى كىلودەك ئارپا بار ئىدى. يەنە بىر سېمىز ئۆچكىمىز بار ئىدى. ئۆچكىنى سويدۇم، ئارپىنى تارتىپ ئۇن قىلدىم. گۆشنى پارچىلاپ قازانغا سالدۇق، ئۇننى نان يېقىش ئۈچۈن خېمىر يۇغۇردۇق. ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ماڭدىم. ئايالىم: رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ئۆيۈمىزدە زىياپەت بار، دەپ ئېلان قىلىپ، مېنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلمىغىن، بۇ تاماق قوشۇننىڭ ھەممىسىگە يەتمەيدۇ، دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇلىقىغا مەخپىي ھالدا: يا رەسۇلەللاھ! ئۆيىمىزدە كىچىك بىر ئوغلىقىمىز بار ئىدى، ئۇنى سويۇپ قازانغا سالدۇق، بىر ئىككى كىلۇ ئارپا بار ئىكەن ئۇنى ئۇن قىلىپ يۇغۇردۇق، ئۆزلىرى بىر نەچچە كىشىنى ئېلىپ كەلگەيلا، دېدىم. رەسۇلۇللاھ خۇشال بولۇپ پۈتۈن قوشۇنغا: «ئى خەندەق ئەھلى! جابىر بىر زىياپەت تەييارلاپتۇ، تېز بولۇڭلار! ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن ماڭا: «مەن كەلگۈچىلىك قازاننى چۈشۈرمەڭلار، خېمىرنى نان ياقماڭلار» دېدى. ئايالىمنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ: ساڭا نېمە بولدى؟ دېدى.مەن: ئېيتقىنىڭنى قىلدىم، دېدىم. رەسۇلۇللاھ قوشۇننىڭ ئالدىدا كەلدى، خېمىرنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم، ئۇنىڭغا تۈكۈرۈكىنى ئايلاشتۇردى ۋە بەرەكەت تىلەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن قازانغىمۇ تۈكۈردى ۋە بەرەكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. ماڭا: «ناۋاي ئايالنى چاقىرغىن، مەن بىلەن نان پىشۇرسۇن، قازاندىكى شورپىنى ئۇسسۇڭلار، قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرمەڭلار» دېدى. ئۆيگە كەلگەن كىشى بىر مىڭ كىشى ئىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ھەممىسى تاماق يەپ تويۇپ كېتىشتى. قازىنىمىز شۇ پېتى قايناپ قالدى، خېمىرىمىز شۇ پېتى نان پىشۇرۇلۇپ قالدى[①].

## 2. كېسەلگە شىپا بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بەزى كېسەللەرگە مەلھەم بولغان سەۋەبلەر بىلەن دورا قىلماستىن شىپالىق بولاتتى. مەسىلەن: خەيبەر غازىتى بولغاندا ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزى قاتتىق ئاغرىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ قويىدى ۋە دۇئا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى دەرھال ساقىيىپ كەتتى[②].

## 3. تاشنىڭ سالام بېرىشى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولۇشتىن ئاۋۋال

---

① سەھىھ بۇخارى (3793) سەھىھ مۇسلىم (3800).
② سەھىھ بۇخارى (3425).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەككىدە بىر تاش ئۇنىڭغا سالام بېرىپ سۆزلەيتتى. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن مەككىدە مەن پەيغەمبەر بولۇشتىن ئاۋۋال ماڭا سالام بەرگەن تاشنى بىلىمەن. ئۇ تاشنى مەن ھازىرمۇ تونۇيمەن»①.

### 4. تائامنىڭ تەسبىھ ئېيتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا يېيىلىۋاتقان تائامنىڭ ئاللاھ تائالاغا تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى كۆپلىگەن ساھابىلار كۆرگەن. بۇ ۋەقەلەردىن بىرىنى ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «بىز يېيىلىۋاتقان تائامنىڭ تەسبىھ ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق»②.

### 5. بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىشى

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىققانلىقىنى كۆرگەن، ئۇ سۇدىن ئىچكەن ۋە تاھارەت ئالغان. بۇ ۋەقەمۇ بىر نەچچە قېتىم بولغان ۋە كۆپلىگەن ساھابىلەر بۇ ۋەقەنى كۆرگەنلىكىنى نەقىل قىلغان. شۇ ۋەقەلەردىن بىرىنى ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «زەۋرائ دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئىچىدە ئازراق سۇ بولغان بىر قاچا ئېلىپ كېلىنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قاچىنىڭ ئىچىگە قولىنى سالدى، ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقتى، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇ سۇدىن تاھارەت ئالدى». قەتادە: ئەنەستىن ئۇ سۇدىن تاھارەت ئالغان نەچچە كىشى ئىدىڭلار؟ دەپ سورىدىم، ئۇ ئۈچيۈز كىشى ئىدۇق، دەپ جاۋاب بەردى، دېگەن③.

### 6. خورما دەرىخىنىڭ رەسۇلۇللاھتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا يىغلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنى خۇتبە ئوقۇغاندا يۆلىنىپ تۇرىدىغان بىر خورما دەرىخى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى مەسجىددە بولغان ساھابىلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغان. ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەنسارلاردىن بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلەللاھ! مېنىڭ بىر ياغاچچى ئوغلۇم بار، سىلىگە ئۇستىدە ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىر مۇنبەر ياسىتىپ بەرمەيمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خالىسىڭىز

①سەھىھ مۇسلىم (4222).
②سەھىھ بۇخارى (3314).
③سەھىھ بۇخارى (3307).

شۇنداق قىلىڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر مۇنبەر ياساپ بەردى. جۈمە كۈنى رەسۇلۇللاھ خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇرۇۋىدى، رەسۇلۇللاھ بۇرۇن خۇتبە ئوقۇغاندا يۆلىنىپ تۇرىدىغان ياغاچ ئۈن سېلىپ يىغلاپ پارچىلىنىپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇ ياغاچنى قۇچاقلاپ ئىدى، خۇددى قاتتىق يىغلاپ كەتكەن بوۋاقنى پەسەيتكەندە ئىسەدىگەندەك ئىسەدەپ پەس بولدى. رەسۇلۇللاھ «زىكىر ئاڭلاشتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يىغلاپ كېتىپتۇ» دېدى.[1]

## 7. دەرەخنىڭ بويسۇنۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈزلەڭ بىر يەردە تاھارەت سۇندۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالغاندا، بىر دەرەخ كېلىپ ئۇنىڭغا دالدا بولۇپ تۇرغان. ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يولغا چىقتۇق، كەڭ بىر ۋادىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ماڭدى، مەن بىر چوگۈن سۇ ئېلىپ ئارقىسىدىن ماڭدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپقا قارىدى، دالدا بولىدىغان ھېچنەرسە كۆرەلمىدى، پەقەت ۋادىنىڭ بىر چېتىدە ئىككى دانە دەرەخ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، شېخىدىن تۇتۇپ: «ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا دالدا بولغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرەخ خۇددى بۇرنىدىن ياغاچ ئۆتكۈزگەن تۆگىدەك ئەگىلىپ رەسۇلۇللاھقا دالدا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شېخىدىن تۇتۇپ: «ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ماڭا دالدا بولغىن» دېدى. ئۇمۇ بىرىنچى دەرەخكە ئوخشاش ئەگىلىپ دالدا بولدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئىككى دەرەخنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ: «ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بىرلىشىڭلار» دېدى. ئىككى دەرەخ بىرلەشتى.[2]

## 8. كاۋاپ قىلىنغان قوينىڭ ئۆزىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى خەۋەر بېرىشى

كاۋاپ قىلىنغان بىر قوي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، تىلغا كېلىپ ئۆزىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېيتقان. ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: خەيبەردە بىر يەھۇدى ئايال زەھەر قويۇپ كاۋاپ قىلىنغان بىر قوينى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئازراق يېدى ۋە يېنىدىكىلەرمۇ يېدى، شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] سەھىھ بۇخارى (1953).

[2] سەھىھ مۇسلىم (5328).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«قولۇڭلارنى تارتىڭلار، بۇ قوۋي ماڭا ئۆزىنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى خەۋەر بەردى» دېدى. ئەنسارلاردىن بىشر ئىبنى بەرراﺋ ئىبنى مەئرۇر ئۇ زەھەرلىك گۆشنى يېگەن سەۋەبتىن ئۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدى ئايالنى چاقىرىپ كېلىپ: «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىدى. يەھۇدىي ئايال: ئەگەر سەن ھەقىقىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولساڭ، بۇ ساڭا تەسىر قىلمايدۇ، ئەگەر پادىشاھ بولساڭ، خەلقنى سەندىن قۇتۇلدۇرغان بولىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىشر ئىبنى بەرراﺋنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرىدى، ئۇ ئايال ئۆلتۈرۈلدى.①

## 9. دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى

نۇرغۇن ۋەقەلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغان ۋە دۇئاسى دەرھال ئىجابەت بولغان. مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ بەك ھەددىدىن ئېشىپ، مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئەزىيەت قىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! قۇرەيشكە قارشى ماڭا يۇسۇفنىڭ يەتتە يىلىدەك يەتتە يىل بىلەن ياردەم بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى. يەنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى يەتتە يىل قۇرغاقچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقاندەك، قۇرەيشلەرگىمۇ يەتتە يىل قۇرغاقچىلىق بەرگىن، دېمەكچى. شۇنىڭ بىلەن مەككىنى قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك باستى. ھەممە نەرسە قۇرۇپ تۈگىدى. ئىنسانلار ئۇستىخان، تېرە ۋە تاپلارنىمۇ يېدى. كېيىن ئەبۇ سۇفيان كېلىپ: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭ ھالاك بولدى، ئاللاھقا دۇئا قىلغىن،ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بۇ بالانى كۆتۈرۈۋەتسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ئازاب كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.②

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر يىلى مەدىنىدە قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمەدە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا بىر ئەرابى ئورنىدىن تۇرۇپ: يا رەسۇلەللاھ! ماللار ھالاك بولدى، باللار ئاچ قالدى، بىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلسىلا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈردى. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاسماندا بىر دانە بۇلۇت يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ دۇئادىن قولنى يىغىپ بولغۇچىلىك ئاسماندا تاغدەك بۇلۇت پەيدا بولدى، رەسۇلۇللاھ مۇنبەردىن چۈشمەي تۇرۇپ يامغۇر ياققانلىقنى كۆردۇم. ھەتتا رەسۇلۇللاھنىڭ ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ كۈنى، ئەتىسى، ئۇنىڭ ئەتىسى تا كېلەر جۈمەگىچە يامغۇر

① سەھىھ بۇخارى (2933).

② سەھىھ بۇخارى (4450).

ياغدى. كېلىدىغان جۈمە كۈنى ھېلىقى ئەرابى ئورنىدىن تۇرۇپ: يا رەسۇلەللاھ! ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى، ماللار سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى، بىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلسىلا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۈستىمىزگە ئەمەس، ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن» دەپ دۇئا قىلدى ۋە قولى بىلەن بۇلۇتقا ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلۇتلار ئەتراپقا تاراپ خۇددى بۇلۇتلار ئوتتۇرىسىدىن يوچۇق ئەچىلغاندەك، ئوتتۇرىدىن ئاسمان ئېچىلدى. ۋادىلاردا بىر ئاي بويىچە سەل ئاقتى. ئەتراپنىڭ قايسى بىر تەرىپىدىن بىرى كەلسە، ياققان مول يامغۇردىن سۆز قىلاتتى.①

## 10. ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قايتىدىن بوستانلىق بولۇشى

ئەرەب يېرىم ئارىلى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك قۇرۇق چۆل ۋە تاغلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ باغۇبوستانلىققا ئايلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەرەب زېمىنىغا بوستانلىق ۋە ئۆستەڭلەر قايتىپ كەلمىگىچىلىك قىيامەت بولمايدۇ» دېگەن.②

## بۇ ھەدىستە مۇنداق مۆجىزىلىك ئىككى ھەقىقەت بار

بىرىنچى ھەقىقەت ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەرەب زېمىنى» دېگىنى بۈگۈنكى سەئۇدى ئەرەبىستانىنى ئىچىگە ئالغان ئەرەب يېرىم ئارىلى بولۇپ، بۇرۇن بۇ زېمىندا ئۆستەڭلەر بار ئىدى ۋە باغۇ بوستانلىق، ياپيېشىل ئورمانلىق ئىدى.

ئىككىنچى ھەقىقەت ـ مىڭلارچە يىللاردىن بېرى قۇرغاق، نە ئۆستەڭ نە بوستاندىن ئەسەر بولمىغان بۇ زېمىن يەنە ئۆستەڭلەر ئاقىدىغان، بوستانلىق ۋە ياپيېشىل ئورمانلىققا ئايلىنىدۇ.

بۇ ئىككى ھەقىقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قايتىدۇ» دېگەن بىر كەلىمە سۆزىدىن چىقىدۇ. بۇ ھەقىقەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچكىم بىلمەيتتى. مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇرمۇ قىلمايتتى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى سايىسىدە، ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپادىكى چوڭ ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ تەتقىقات بۆلۈملىرىدە مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق تەتقىق قىلىشى بىلەن ئەرەب يېرىم

①سەھىھ بۇخارى (881)، مۇسلىم (1490).
②سەھىھ مۇسلىم (1681).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئارىلىنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىل بۇرۇن ئۆستەڭلەر ئاقىدىغان، يوپ يېشىل بىر ماكان ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى، كېيىن سۇنىڭ تارتىلىپ قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىشى بىلەن ئىنسانلار بۇ يەرنى تاشلاپ سۇ بار يەرلەرگە كەتكەنلىكى كەشىپ قىلىندى.

يەنە ھازىرقى جۇغراپىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسىدە ھاۋا كېلىماتىنىڭ يىلدىن يىلغا ئىسسىۋاتقانلىقى نەتىجىسىدە مۇز ئوكياندىكى مۇزلارنىڭ ئاستا-ئاستا ئېرىپ يەر يۈزىدىكى سۇنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقى، بۇ شەكىلدە داۋام قىلىپ كەلگۈسىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سۈيى مول، ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئاقىدىغان، باغۇ بوستانلىققا ئايلىنىدىغانلىقى ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلاندى.

بۇ يەردە مۇنداق سوئال كېلىدۇ: بۇگۈنكىدەك ئىلىم-پەن ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز زامانىسىدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئىلىملەردىنمۇ يىراق، قۇپقۇرۇپ بىر چۆلدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھاياتىدا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زاتنىڭ يىللارچە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەچچە ئون يىل تەتقىق قىلىپ تېخى يېڭىدىن كەشىپ قىلغان بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىشى مۇمكىنمۇ؟ جاۋاب: مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولسا، قانداقمۇ «ئەرەب زېمىنىگە بوستانلىق ۋە ئۆستەڭلەر قايتىپ كەلمىگىچىلىك قىيامەت بولمايدۇ» دېدى؟

دېمەك، بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلدىغان يالغۇز بىر زات بار، ئۇ بولسىمۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشى بىلەن بىلگەن ۋە يۇقىرىدىكى مۇبارەك سۆزىنى ئېيتقان. يەنى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەرگەن مۆجىزىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە مۇشۇنداق مۆجىزىلەر ناھايىتى كۆپ. ئاتىلىرىمىزنىڭ «ئەقىلگە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەن سۆزىگە بىنائەن ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە پەقەت ئۆرنەك سۈپىتىدە بىر نەچچە مۆجىزىنى كۆرسىتىش بىلەن، مۆجىزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە، ئىنكارچىلارنىڭ دېگىنىدەك قۇرۇق ھېكايىلەردىن ئىبارەت ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلدۇق. ئاللاھ تائالادىن بىزلەرنى ۋە سىلەرنى ھەق يولدا مۇستەھكەم قىلىشنى، ئەقىدىمىزنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئادەمىي شەيتانلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئالدىنىپ ئېزىپ كېتىشتىن ساقلىشىنى تىلەيمىز. ئامىن!




تەرجىمان ئىلاۋىسى:

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! خەلقىمىز ئىچىدە، شۇنداقلا تەشكىلاتلىرىمىز ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار قاتلىمىدا تەرەپبازلىق، ئۆسەك سۆز ۋە تەپرىقە پەيدا قىلىشتەك ئىللەتلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دوكتۇر جامال مادىينىڭ «سەن ھايات قايىنىمىدا يالغۇز ئەمەس» ناملىق ئەسىرىنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە ئالاقىدار قىسمىنى ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىپ، ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇم.

ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك قاراش ۋە تەنقىدىي پىكىرلەرنى توغرا چۈشىنىپ، ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى تۈزەتسەك، باشقىلارنىڭ تەنقىدىي پىكرى ۋە قاراشلىرىغا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنسەك، ئاندىن دەۋا يولىدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللاردىن ساقلانغىلى، دەۋا يولىدا تېخىمۇ راۋان يول ئالغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جامال مادىي مۇنداق دەيدۇ:

قېنى ھەممىمىز تۆۋەندىكى سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى!

- تەرەپبازلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش كېرەكمۇ؟

- تەرەپبازلىقنىڭ ھەممىسىدىن ساقلىنىش لازىممۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



- تەرەپبازلىق نېمە ئۈچۈن ياشلاردا كۆپرەك تېپىلىدۇ؟

- تەرەپبازلىقنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى قايسىلار؟

ياشلاردىن يۇقىرىدىكى سوئاللارنى سوراشتىكى مەقسەت، ياشلارنىڭ ھەر دائىم باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ ياشىشى، ئۆزىدىكى قابىلىيەتكە تايىنىپ بىكىنلىق ۋە ئىجادىيەت ياراتماسلىقتا ئوخشاش ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقلارغا كۆنۈپ قېلىشتىن، مەلۇم جامائەت ۋە پارتىيە، ياكى مەلۇم بىر ئېقىم ياكى مۇئەييەن بىر مەزھەپنىڭ پىكرىگە تەرەپبازلىق قىلىپ مېنىڭ توغرا دەپ تۇرۇۋېلىش، ھەق ياكى باتىللىقنى سۈرۈشتە قىلماستىن قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قېرىندىشىڭ زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن ياردەم بەرگىن!» دېگەن ھەدىسىنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، مۇئەييەن شەخس ياكى مۇئەييەن تەشكىلاتقا، ياكى ئائىلە مەنسۇپلىرىغا قارىغۇلارچە يان بېسىش، سەلبىي تەرەپبازلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ـ مەزلۇم بولسىغۇ ياردەم بېرىمەن، زالىمغا قانداق ياردەم بېرىمەن؟ ـ دەپ سورىغان كىشىگە، ـ قېرىندىشىڭنى زۇلۇمدىن توسۇشۇڭ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىنىڭ بولىدۇ، ـ دېگەن[1] جاۋابى ئارقىلىق بۇ خاتا چۈشەنچىگە تۈزىتىش بەرگەن.

مەلۇم شەخسكە ياكى بىرەر جامائەتكە ۋەياكى بىرەر تەشكىلاتقا كۆڭۈل بېرىپ، ئاكتىپ پائالىيەتتە بولۇپ كەلگەن كىشىلەر ئەگەر باشقا تەشكىلات ۋە جامائەتلەرنىڭ پىكرىنى چەتكە قاقسا، ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت ياكى تەشكىلاتلارنىڭ مۇتلەق توغرا، باشقىلارنىڭ مۇتلەق خاتا دەپ قارىسا، ئۇنداق كىشىنى تەرەپبازلىق قىلدى دېسەك بولىدۇ.

## تەرەپبازلىقنىڭ ئىپادىلىرى:

- ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت، تەشكىلات ياكى پارتىيىنى ياكى ئۇستازىنى ھەددىدىن زىيادە ماختاش ۋە ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىش.

- ئۆزىگە باش بولغان ياكى كۆڭۈل بەرگەن كىشىلەرنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى مۇتلەق توغرا ۋە خاتالىقتىن خالىي دەپ بىلىش.

- مەنسۇپ بولغان جامائەت ياكى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تەشكىلاتنى مۇتلەق ئىقتىدارلىق، ئىشى مۇتلەق ياخشى دەپ قاراش.

- ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت ياكى تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئەزالىرىنى كەمچىلىكتىن خالىي، خاتالاشمايدۇ! - دەپ ئىشىنىش.

قېنى دوستلار، ئويلاپ باقايلى! يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەر توغرىمۇ؟

ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇقەددەس دىنى، ئەزىز خەلقى ۋە ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان جامائەتلەر، تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر - ھەممىسى نىيەتكە يارىشا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنى چوڭ، بىرىنى كىچىك، بىرىنى ئۈستۈن، بىرىنى تۆۋەن كۆرۈش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. ئۇلار توغرا قىلغان بولسا ھەسسىلەپ ساۋابقا ئېرىشىدۇ، توغرا قىلىمەن دەپ خاتا كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە ئەجىردىن مەھرۇم قالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ توغرىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن مۇجتەھىد توغرا قىلسۇن، خاتا قىلسۇن ھەر ئىككى ئەھۋالدا ساۋابتىن مەھرۇم قالمايدۇ. دېمەك ئۇلار ئومۇمەن ياخشىلىققا نامزات مۇبارەك كىشىلەردۇر.

ئەيىبلەش ياكى تەنقىد قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپبازلىقنىڭ ئالامەتلىرى قايسى؟

ئەزىز دوستلار! يۇقىرىدا تەرەپبازلىقنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بۇ ئالامەتلەرنىڭ ئۆزىمىزدە بار يوقلۇقىنى بىلىپ يەتتۇق.

تۆۋەندە تەرەپبازلىقتىن ساقلىنىش ۋە يىراق تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئەيىبلەشكە تېگىشلىك تەرەپبازلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىۋالايلى:

ئەيىبلەش ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپبازلىقنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

- ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت ياكى تەشكىلاتنى تىلغا ئالغاندا پەقەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە گۈزەل خىسلەتلىرىنىلا بايان قىلىش.

- ئۆزى مەنسۇپ بولمىغان جامائەت ياكى تەشكىلاتلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنىلا تىلغا ئېلىش، ھەر دائىم ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ئىزدەش، ئالاھىدىلىك ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش ۋە تىلغا ئالماسلىق.

- جامائەت ياكى تەشكىلات ئىچىدىكى كىشىلەردە ئەيىب نۇقسان بولسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ دائىم ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش، تۈزىتىشكە تىرىشماسلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـ ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەتتىن بولمىغان كىشىلەردە ئارتۇقچىلىق بولسىمۇ قەدىرلىمەسلىك، ئىلىم ۋە قابىلىيەتتە ئۈستۈن بولسىمۇ ھۆرمەت قىلماسلىق، ئەگەر ئۇلاردىن ئازراق خاتالىق ئۆتۈلۈپ قالسا دەرھال ئەتراپقا يېيىش ۋە يامان كۆۋش.

ـ ئەمما ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت ئەزالىرىدىن خىلى چوڭ خاتالىق ئۆتۈلسىمۇ كۆرمەسكە سېلىش، ئاڭلىماس بولۇۋېلىپ قارىغۇلارچە قوغداش.

ـ ئۆزى مەنسۇپ بولغان جامائەت ياكى تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسى ياكى يول يۇرۇقلىرىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى قارىغۇلارچە ئەگىشىش.

جۈملىدىن كۈنىمىزدە بىر قىسىم شەخس ۋە تەشكىلاتلاردا كۆرۈلۈۋاتقان ئىككى تۈرلۈك مەسىلە مەۋجۇت. بىرى، ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈشتە پاسسىپلىقتا ياكى ئاشقۇنلۇقتا پىتىپ قېلىپ، ئادىل بولالماسلىق. ھالبۇكى، دىنىمىز بىزنى ھەممە ئىشتا ئادىل بولۇشقا، ھەتتا ئۆز زىيىنىغا بولسىمۇ ئادىل گۇۋاھچى بولۇشقا، ئاچچىقىم كەلدى دەپ ھەق ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرۇشتىن قاچماسلىققا، خوش بولدۇم دەپ شەخس ۋە جامائەتلەرنى باتىلغا ئىنتىرمەسلىككە، بىر كىشى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ كىشىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن راستچىل گۇۋاھلىق بېرىشتىن باش تارتماسلىققا چاقىرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، سىلەرنىڭ ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[1].

ئىككىنچىسى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان پارتىيە ياكى جامائەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىش. ۋاھالەنكى، جامائەت، تەشكىلات ۋە پارتىيەلەردىكى نىزامنامە ۋە پرىنسىپلار، پەقەت شۇ جامائەتنىڭ تەربىيە ئاساسى ياكى نىشانغا يېتىشنىڭ ۋاستىلىرى بولۇپ، زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. جامائەتتىكى پرىنسىپلار بەزى كەم ئەقىل، مەسىلىلەرنى تار دائىرىدە تەھلىل قىلىدىغان نادان، مۇتەئەسسىپ، كاج ئىنسانلارنىڭ ئويلىغىنىدەك چوقۇنىدىغان بۇت ياكى ئەمەلگە ئېشىشى مەقسەت قىلىنغان غايىمۇ ئەمەستۇر. ئەپسۇسكى،

[1] مائىدە سۈرىسى: 8 ـ ئايەت.

بەزى كىشىلەر ئـۆزى مەنسـۇپ بولغـان جامائەت، تەشـكىلات يـاكى پارتىيەنىـڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچـۈن شەخسلەرنىڭ، مىللەتنىڭ ھەتتـا بەزىـدە دىنىنىڭ مەنپەئىتىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ.

تەرەپبازلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ 10 خىل يولى:

1. ئالقىش ياكى تەنقىـد كىشـىنىڭ ئـۆزىگە ئەمەس، پىكـرىگە قارىتىلغـان بولۇشى.

2. ئۆز ـ ئـۆزىنى تەنقىـد قىلىشـتا شىجائەتلىك ۋە جۈرئەتلىك بولۇش.

3. ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىـش روھىنى يېتىلدۈرۈش.

4. باشـــقىلارنىڭ تەنقىـــدلىرىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە خۇشاللىق بىـلەن قوبۇل قىلىش.

5. باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى كۆرسـىتىپ قويۇشـىنى، نەسىھەت قىلىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىش.

6. باشقىلارنىڭ ئىلمـي قـابىلىيىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىش.

7. قارشىلىشـــىپ قالغـــان يـــاكى ئىختىلاپلىشىپ قالغان كىشىلەر ياخشـىلىق قىلسـا ئۇلارغـا رەھـمەت ئېيـتىش ۋە مىننەتتىدارلىق بىلدۈرۈش.

8. قارشىلىشـــىپ قالغـــان يـــاكى ئىختىلاپلىشىپ قالغان كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىنسا، ئالقىشلىماي، مۇداپىئە قىلىش.

9. دۈشمەنلىشـــىپ قالغـــان كىشـــى باشقىلار تەرىپىدىن زۇلۇم قىلىنسا، ئـۇنى قوغداش ۋە ياردەم بېرىش.

10. باشقىلارنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى ۋە ئېھتىرامىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش.

قېنـــى دوســـتلار، بـــىز بـــۇلارنى ئۆزىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەييارمۇ؟

تەرەپبازلىقنىـــڭ باشلامچىســـى ۋە تەرەپبازلىققا دەسلەپ ئاساس سالغۇچىنىڭ ئىبلىس ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

ئـــاللاھ تائـــالا قۇرئـــان كەرىمـــدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىبلىسقا سـېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان چېغىمدا نىمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ دېـدى. ئـىبلىس مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن، ئـۇنى لايدىن ياراتتىڭ دېدى»[①].

شەيتان ئازغان چېغىدا تەرەپبازلىقنى ئىنســـانغا مـــىراس قالـــدۇرغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

شەيتان ئىنسانغا ئەشەددى دۈشمەن. ئۇنىـــڭ دۈشـــمەنلىكى ئەبەدىـــي داۋام قىلىدۇ.

مانـــا تۆۋەنـــدىكى بـــۇ قىســـسە شـــەيتانىنىڭ ئىنســـانغا نەقەدەر دۈشـــمەن

[①] ئەئراف سۈرىسى: 12 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

بىر كۈنى بىر مۆئمىن ئادەم، يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاز قالغان بىر كونا تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. تۇساتتىن بىر كىشى كېلىپ: «بۇ يەردە ئولتۇرما، بۇ تام يىقىلغىلى ئارانلا قالغان» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. مۆئمىن ئادەم دەرھال قوپۇپ كېتىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە سىكۇنت ئۆتە ـ ئۆتمەي تام ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.


مۆئمىن كىشى ئۆزىگە نەسىھەت قىلغان كىشىگە رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە ئۆزلىرى كىم بولىلا دەپ سورايدۇ، «مەن شەيتان» بولىمەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ـ بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن مۆئمىن «سەن مېنىڭ دۈشمىنىم تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ساق قېلىشىمنى ئويلايسەن؟» دەپ سورايدۇ. شەيتان: «مەن ساڭا نەسىھەت قىلمىدىم، لېكىن مېنىڭ ئويلىغىنىم ئەگەر سەن تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ جەننەتكە كىرىسەن. مېنىڭ ۋەزىپەم سېنى جەننەتكە كىرگۈزمەسلىك!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، تەرەپبازلىقنى مۇتلەق خاتا ياكى مۇتلەق توغرا دەپ كېسىپ، پىچۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بەلكى ماختاش ۋە تەقدىرلەشكە تېگىشلىك تەرەپبازلىق، تەنقىد ۋە ئەيىبلەشكە تېگىشلىك تەرەپبازلىقتىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ماختاشقا ۋە تەقدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان تەرەپبازلىق توغرا، ساغلام ۋە كۈچلۈك دەلىللەر ئۈستىگە قۇرۇلغان پىكىرنى قوغداش ۋە مەيدانى ئېنىق بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئەمما تەنقىد قىلىشقا ياكى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك تەرەپبازلىق ئەقىل ۋە پىكىر يۈرگۈزمەستىنلا ھىسسىياتقا بېرىلىشتىن كېلىپ چىققان ئەسەبىيلىكتۇر.

بۇ ھەقتە دانالار مۇنداق دېگەن: ياشلارنىڭ ئۆز ماھىرلىرىنى ياخشى كۆرۈشى تەرەپبازلىق ئەمەس، لېكىن ئۆز گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشى تەرەپبازلىقتۇر.

ياشلارنىڭ تەرەپبازلىقتىن قۇتۇلۇشى ناھايىتى ئاسان. ئۇلار يۇقىرىدا تەنقىد قىلىنغان تەرەپبازلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ساقلانسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن تەرەپبازلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئون پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىزنى ھەق يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا نېسىپ قىلسۇن، پايدىلىق ئىلىم ۋە ئەقىل پاراسەت ئاتا قىلىپ، پىتنە ـ پاسات ۋە تەپرىقىگە سەۋەپ بولىدىغان ھەرقانداق گەپ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن يىراق قىلسۇن! ئامىن.




شام دىياردا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئۆلىماسى، ئەللامە ئەلى خوتەنى (تۆۋەندە ئەللامە خوتەنى دەپ ئېلىنىدۇ) مىلادىيە 1271 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىيە 1317 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم ساھىبلىرى ئارىسىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە ئۆلىما بولۇپ، مەشھۇر مۇھەددىسلەر، داڭدار ھافىزلار ۋە كاتتا فەقىھلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. تەرجىمىھالى ئەينى دەۋردىكى ئەللامىلەر قەلەمگە مەنسۇپ تەزكىرە ـ قامۇسلارغا پۈتۈلگەن.

ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئىمام ئىبنى دەقىقىل ئىيد (1228 ـ 1302)، ئىمام ئىبنى جەمائە (1241 ـ 1333)، ئىمام مىززىي (1256 ـ 1342)، ئىمام بىرزالىي (1266 ـ 1339) ئىمام ئىبنى تەيمىيە (1263 ـ 1328) قاتارلىقلار ئەللامە خوتەنى بىلەن بىر ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر.

بۈيۈك ئۆلىمالاردىن ئىمام زەھەبىي (1274 ـ 1348) ۋە ئىمام ئىبنى كەسىر (1300 ـ 1371) قاتارلىقلار ئەللامە خوتەنىيدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئەللامە خوتەنىينىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

ئەللامە خوتەنى ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا بۈيۈكلەر تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك زات بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ ھاياتى كۆپچىلىك ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تېخى ۋاراقلانمىغان يېڭى سەھىپە بولۇپ كەلدى. بىز بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ ھاياتىدىن بىر قانچە سەھىپە

www.uyghurkitap.com



سۇنماقچىمىز.

## ئەللامە خوتەنىينىڭ تولۇق ئىسمى ۋە تۇغۇلغان ۋاقتى

ئەللامە خوتەنىينىڭ تولۇق ئىسمى ئەلائىۇددىن ئەبۇلھەسەن ئەلى بىن مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ تۈركي خوتەني شافىئىي سۇفىيدۇر. ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 670-يىلى (مىلادىيە 1271-يىلى) تۇغۇلغان①.

«ئەلائىۇددىن» ئەللامە خوتەنىينىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، دىننى يۈكسەلدۈرگۈچى دېگەن مەنىدە. ئەبۇلھەسەن ئۇنىڭ كۇنيىتى بولۇپ، ئىسمى ئەلى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھتۇر.

ئەللامە خوتەنىينىڭ تولۇق ئىسمىدىكى «خوتەني» دېگەن تەۋەلىك نامىدىن ئۇنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى، «تۈركىي» دىن تۈرك (ئۇيغۇر)لىقى، «شافىئىي»دىن شافىئىي مەزھىپىگە تەۋەلىكى، «سۇفىي» دېگەندىن بولسا تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

## ئەللامە خوتەنىينىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئوقۇش ھاياتى

ئەللامە خوتەني يېتىم بالا بولۇپ، كىچىك ياشتا سۈرىيەنىڭ دەمەشق شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە دەمەشقتە كاتتا ئۆلىما نەفىسۇددىن ھەررانىينىڭ (؟-1298) ھەدىس مەدرىسەسىگە ۋەخپە قىلىۋەتكەن ئۆيىگە چۈشكەن②.

ئەللامە خوتەني «قۇرئان كەرىم»نى يادلاش بىلەن ئوقۇش ھاياتىغا قەدەم باسقان. ئۇ «ئەتتەنبىھ»، «ئەلمۇقەددىمە»③ قاتارلىق كىتابلارنىمۇ يادلىغان. ئەرەب تىلى بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە تىلشۇناسلىق، نەسەبشۇناسلىققا دائىر كىتابلارنىمۇ يادلىغان④. كېيىن ئۇ ھەدىس ئىلمىگە بېرىلىپ كاتتا ئالىملاردا ھەدىس ئىلمىنى ئۆگەنگەن.

ئۇ كىچىكىدىنلا تەقۋادار، دىيانەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ قىرائىتى ناھايىتى گۈزەل ئىدى، خەتنى چىرايلىق يازاتتى، كەمتەر ئىدى، كۆپ ئىبادەت قىلاتتى.

ئىمام زەھەبىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ دەمەشققە بالا ۋاقتىدا كەلگەن بولۇپ، دىيانەتلىك، ساغلام مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ‹قۇرئان كەرىم›،

---

① ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2-جىلد، 257-بەت؛ ئىمام زەھەبىي: «المعجم المختص بالمحدثين»، 90-بەت؛ ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامنة» 3-جىلد، 110-بەت.

② ئىمام سەفەدىي: «الوافي بالوفيات»، 9-جىلد، 213-بەت.

③ مەنبەلەردە «ئەتتەنبىھ»، «ئەلمۇقەددىمە» دېگەن كىتابلارنىڭ مۇئەللىپ ئىسىملىرى قەيت قىلىنمىغان. «ئەتتەنبىھ » دېگەن كىتاب ئەبۇ ئىسھاق شىيرازىينىڭ شافىئىي فىقھىسىدە يېزىلغان كىتابى بولۇشى مۇمكىن؛ «ئەلمۇقەددىمە» ئىبنى ھاجىبنىڭ «كافىيە» ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت كىتابى بولۇشى مۇمكىن.

④ ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2-جىلد، 257-بەت.

‹ئەتتەنبىھ›، ‹ئەلمۇقەددىمە› قاتارلىق كىتابلارنى يادىلىغان، ھەدىس ئاڭلىغان ۋە ئوقۇغان. ئاڭلىغان ھەدىسلىرىنىڭ كۆپىنى تەھسىل قىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ قىرائىتى چىرايلىق ئىدى. ئۇ يېتىم بالا بولۇپ، كەمتەر ۋە ئەخلاقلىق ئىدى، كۆپ ئىبادەت قىلاتتى، ئادەمگەرچىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى»①.

## ئەللامە خوتەنىينىڭ ئۇستازلىرى

ئەللامە خوتەنىي ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن، ئۇ بۇ ئىلىملەردە ئىجتىھاد بىلەن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھەددىس ۋە فەقىھ بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئەللامە خوتەنىي ئۆز دەۋرىدىكى كاتتا ئۆلىمالاردىن تەلىم ئالغان. ئۇنىڭ ئۇستازلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن:

### 1. شەيخ مەھمۇد رۇمىي (؟ ـ 1290).

شەيخ مەھمۇد رۇمىي تەقۋادار، سالىھ ئۇستازلاردىن بولۇپ، مەسجىدتە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ دەمەشىق جامەسىدە بىر ساندۇقى بار ئىدى، ئۇ ساندۇقنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئېتىكاپ قىلاتتى، ئۇ ئەللامە خوتەنىينى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن②. شەيخ مەھمۇد رۇمىي ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەللامە خوتەنىي ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالغان ھېلىقى ساندۇقنى ئىگىدارچىلىق قىلغان③.

### 2. ئەللامە فەخرۇددىن ئىبن بۇخارىي (1199 ـ 1291)

ئەللامە فەخرۇددىن ئىبن بۇخارىي كاتتا ھەدىس ئالىمى بولۇپ، ئۇ ئىمام ئىبنى دەقىقىل ئىيد، ئىمام ئىبنى جەمائە كەبى ئۆز دەۋرىدىكى قازىكالانلارنىڭ، ئىمام مىززىي، ئىمام بىرزالىي كەبى شۇ دەۋرنىڭ كاتتا مۇھەددىس ۋە ھافىزلىرىنىڭ ئۇستازىدۇر.

ئەللامە فەخرۇددىن ئىبن بۇخارىي يەنە ئىمام ئىبنى تەيمىييەنىڭمۇ ئۇستازى بولۇپ، ئىبنى تەيمىييە بۇ ئۇستازىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرسە يايراپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن④. ئىمام سەفەدىي ئۆزىنىڭ «الوافي بالوفيات» دېگەن ئەسىرىدە، فەخرۇددىن ئىبن بۇخارىيدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان شاگىرتلىرى قاتارىدا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئالىملار بىلەن بىرگە ئىمام ئىبنى تەيمىيە، ئەللامە خوتەنىيلەرنىمۇ كۆرسەتكەن⑤.

ئىمام زەھەبىي، ئىمام ئىبنى ھەجەر، ئىمام ھىجرانىي قاتارلىقلارمۇ

①ئىمام زەھەبىي: «المعجم المختص بالمحدثين»، 90 ـ بەت.

②ئىمام زەھەبى: «تاريخ الإسلام» 51 ـ جىلد، 392 ـ بەت.
③ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 1 ـ جىلد، 190 ـ بەت.
④ئىمام سەفەدىي: «الوافي بالوفيات»، 20 ـ جىلد، 122 ـ بەت.
⑤يۇقىرىقى ئەسەر: 20 ـ جىلد، 123 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەللامە خوتەنىينىڭ ئىبن بۇخارىينىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرگەن.[1]

### 3. ئىمام تاجۇددىن فەزارىي (1225 ـ 1291)

ئىمام تاجۇددىن فەزارىي شافىئىي فىقھىسىدا مۇجتەھىدلىك ماقامىغا يەتكەن ئۆلىما. ئەللامە خوتەنىي بۇ زاتتىن فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن، ئىمام بىرزالىيمۇ بۇ كىشىدە فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن.

ئىمام زەھەبىي ۋە ئىمام ئىبنى ھەجەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەللامە خوتەنىي ۋە ئىمام بىرزالىيلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى بەرگەندە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن ئۇستازىنىڭ ئىمام تاجۇددىن فەزارىي ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن[2]. شۇڭلاشقا ئىمام بىرزالىيمۇ ئۆز ئەسىرىدە ئەللامە خوتەنىينى «ھاياتىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا بىزگە ھەمراھ بولغان ھەمراھىمىز» دېگەن[3].

ئەللامە خوتەنىي ئىمام تاجۇددىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىمام شىھابۇددىندا ئوقۇغان. بۇ ھەقتە ئىمام زەھەبىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (ئەللامە خوتەنىينى دېمەكچى) ئۇستاز تاجۇددىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلىدا فىقھى ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ داۋاملىق ئىلىم ۋە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ كەمتەر، زېرەك ۋە سالىھ كىشى ئىدى»[4].

ئەللامە خوتەنىينىڭ يەنە نۇرغۇن ئۇستازلىرى بولۇپ، بىز يۇقىرىقىلار بىلەن كۇپايىلەندۇق.

### ئەللامە خوتەنىينىڭ ئىلمىي مەشغۇلاتلىرى ۋە شاگىرتلىرى

ئەللامە خوتەنىي كۆپ كىتاب ئوقۇيتتى، ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولاتتى، ئالىملاردىن ھەدىس ئاڭلايتتى، ھەدىسكە ئائىت ئەسەرلەرنى يازاتتى. بۇلاردىن سىرت ئۇ يەنە كىتاب كۆچۈرۈش، كىتابلارنىڭ ھەرخىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنى ناھايىتى پۇختا قىلاتتى.

ئەللامە خوتەنىينىڭ خېتى چىرايلىق ئىدى، ئۇ تالىپلار ئارىسىدا مۇتەداۋۇل بولغان «**التنبيه**»، «**العمدة**»، «**الأربعين النووية**»، «**الأربعون البلدانية**»، «**الجرجانية**»، «**الأحكام**» قاتارلىق نۇرغۇن دەرسلىك كىتابلارنى كۆچۈرۈپ چىققان[5]. ئۇنىڭ كۆچۈرگەن كىتابلىرىدىن ئۆلىمالار ۋە تالىبۇل ئىلىملەر كۆپ پايدىلانغان. كىشىلەر كىتابلارنىڭ باشقا نۇسخىلىرىدىكى خاتالىقلارنى ئۇنىڭ

---

[1] ئىمام زەھەبىي: «ذيول العبر»، 4 ـ جىلد، 46 ـ بەت؛ ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامنة»، 3 ـ جىلد، 111 ـ بەت؛ ئىمام ھىجرانىي: «قلادة النحر»، 6 ـ جىلد، 93 ـ بەت.

[2] ئىمام زەھەبىي: «معجم شيوخ الذهبي»، 379 ـ بەت؛ ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامنة»، 3 ـ جىلد، 273 ـ بەت؛.

[3] ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2 ـ جىلد، 256 ـ بەت.

[4] ئىمام زەھەبىي: «معجم شيوخ الذهبي»، 379 ـ بەت.

[5] ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2 ـ جىلد، 257 ـ بەت.

كۆچۈرگەن نۇسخىسىدىكى كىتابلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۈزەتكەن.

ئەللامە خوتەنىي يەنە شاگىرتلارغا تەلىم بېرەتتى، ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى كۆپ بولۇپ، مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ئىمام زەھەبىي، ئىمام ئىبنى كەسىر قاتارلىقلارمۇ ئەللامە خوتەنىينىڭ شاگىرتلىرىدۇر.

ئىمام زەھەبىي ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھاللىرى بېرىلگەن «**معجم شيوخ الذهبي**» دېگەن قامۇسىدا ۋە يەنە مۇھەددىس ئۇستازلىرىنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن «**المعجم المختص بالمحدثين**» دېگەن كىتابىدا ئەللامە خوتەنىينى ئۇستازلىرى قاتارىدا زىكىر قىلغان①.

ئىمام زەھەبىي يەنە «**تذكرة الحفاظ**» دېگەن تەزكىرىسىدە ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن فەقىھ، مۇھەددىس، زاھىد ۋە مۇبارەك زات ئەبۇلھەسەن ئەلى بىن مۇھەممەد تۈركىي خوتەنىي شافىئىيدىن ھەدىس ئاڭلىدىم»②.

دېمەك ئىمام زەھەبىي ئەللامە خوتەنىينىڭ ھەدىس ئاڭلىغان شاگىرتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىرمۇ ئەللامە خوتەنىيگە شاگىرت ھېسابلىنىدۇ.

دوكتور ئىبراھىم ئەلى ساندۇقچى نەشىرگە تەييارلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەھىرىدىكى «**مكتبة العلوم والحكم**» نەشرىياتى نەشىر قىلغان ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «**المسائل الفقهية**» دېگەن ئەسىرىنىڭ **1986**-يىل نەشرى بىرىنچى باسمىسى كىرىش سۆز قىسمىدىكى نەشىرگە تەييارلىغۇچى تەرەپتىن بېرىلگەن ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ تەرجىمىھالىدا ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ ئۇستازلىرى قاتارىدا ئەللامە خوتەنىيمۇ كۆرسىتىلگەن③.

سامىي بىن مۇھەممەد سەلامە نەشىرگە تەييارلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ رىياز شەھىرىدىكى «**دار طيبة**» نەشرىياتى نەشىر قىلغان ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «**تفسير القرآن العظيم**» دېگەن ئەسىرىنىڭ **1999**-يىل نەشرى ئىككىنچى باسمىسى **1**-جىلد كىرىش سۆز قىسمىدا بېرىلگەن ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ تەرجىمىھالىدىمۇ ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ ئۇستازلىرى قاتارىدا ئەللامە خوتەنىيمۇ كۆرسىتىلگەن④.

① ئىمام زەھەبىي: «معجم شيوخ الذهبي»، 379-بەت؛ 379-بەت؛ ئىمام زەھەبىي: «المعجم المختص بالمحدثين»، 110-بەت.

② ئىمام زەھەبىي: «تذكرة الحفاظ»، 4-جىلد، 1505-بەت.

③ بۇ مەنبەدە يەنە ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ ئۇستازلىرى قاتارىدا يەنە بىر ئۇيغۇر ئالىمى ئىمام، ئەللامە يۇسۇف خوتەنىيمۇ زىكىر قىلىنغان، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «المسائل الفقهية» دېگەن ئەسىرىنىڭ 23-ۋە 18-بەتلىرىگە قارالسۇن.

④ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەنبەلەردە ئەللامە خوتەنىينىڭ ئىسمى ئەبۇلھەسەن ئەلى بىن مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ ئەلمۇنتەزىھ دەپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ دەل ئەللامە خوتەنىينىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى كىلاسسىك بەزى مەنبەلەردە ئەللامە خوتەنىينىڭ «خوتەنىي» دېگەن تەۋەلىك ئىسمى ئىشلىتىلمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىمام ئىبنى كەسىر ئۆزىمۇ ئەللامە خوتەنىي ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (يەنى خوتەنىي) فازىل كىشى ئىدى، خەتنى چىرايلىق يازاتتى، ئۇ ‹التنبيه›، ‹العمدة› قاتارلىق كىتابلارنى كۆچۈرگەن ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنەتتى، ئۇنىڭ بىلەن كىتابلارنىڭ نۇسخىللىرىنى سېلىشتۇراتتى، ئۇنىڭغا تايىنىپ كىتابلارغا تۈزىتىش كىرگۈزەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ جامەدىكى ساندۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇراتتى ۋە مەنمۇ (ئىمام ئىبنى كەسىر ئۆزىنى دېمەكچى) ئۇنىڭغا (يەنى ئەللامە خوتەنىينى دېمەكچى) تايىنىپ ‹العمدة› ۋە باشقا كىتابلاردىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكەن ئىدىم»[1].

دېمەك ئىمام ئىبنى كەسىرمۇ ئەللامە خوتەنىينىڭ شاگىرتىدۇر.

**ئەللامە خوتەنىينىڭ ۋاپاتى**

ئەللامە خوتەنىي ھىجرىيە 717-يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 6-كۈنى دۈشەنبە (مىلادىيە 1317-يىلى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى) سەھەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ نامىزى شۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىدا دەمەشق جامەسىدە چۈشۈرۈلۈپ، سوپىلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان[2].

ئەللامە خوتەنىي قورساق ئاغرىقتا ئۆلۈپ كەتكەن. ئىمام زەھەبىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئۇ قورساقى ئاغرىپ شەھىد بولغان ھالدا 717-يىلى ۋاپات بولدى[3].

ئەللامە خوتەنىيگە ئاتاپ كاتتا ئالىم، شائىر، ئەلائۇددىن بىن غانىم (1253 - 1336) مەرسىيە يازغان بولۇپ[4]، ئۇ بۇ مەرسىيەسىدە ئەللامە خوتەنىينىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى تىلغا ئېلىپ مەدھىيەلىگەن[5].

**ئەللامە خوتەنىيگە ئالىملارنىڭ بەرگەن باھالىرى**

ئەللامە خوتەنىي يېتۈك ئالىم، زاھىد ۋە تەقۋادار كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا دەۋرداشلىرى ۋە كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملار يۇقىرى باھالارنى بەرگەن.

ئىمام بىرزالىي ئەللامە خوتەنىينى سالىھ، فازىل، مۇھەددىس، ئۇستاز دېگەن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇ (يەنى ئەللامە خوتەنىي) مەنپەئەتلىك كىشى ئىدى، ئۇ ئىبنۇل بۇخارىي، ئىبنۇل ۋاسىتىي قاتارلىق بىزنىڭ بىر بۆلۈك ئۇستازلىرىمىزدىن كۆپ ھەدىس ئاڭلىغان ئىدى، كۆپ كىتاب ئوقۇغان ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاڭلايتتى، تىللار ئۇنى مەدھىيەلەشكە بىرلىككە كەلگەنىدى، ئۇ كەمتەر، سالىھ، مۇبارەك،

«ئەلمۇنتەزىھ» دېگەن ئىسىم ئېلىنغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئىمام ئىبنى كەسىر: «تفسير القرآن العظيم»، 1-جىلد، 14-بەتكە قارالسۇن.

[1] ئىمام ئىبنى كەسىر: «البداية والنهاية»، 18-جىلد، 170-بەت.

[2] ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2-جىلد، 256-بەت.

[3] ئىمام زەھەبىي: «المعجم المختص بالمحدثين»، 90-بەت.

[4] ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2-جىلد، 256-بەت.

[5] بۇ شائىر ئىبنى تەيمىييە ئۈچۈنمۇ مەرسىيە يازغان، دوكتۇر ئابدۇراھمان بىن ئابدۇجاببارنىڭ «شيخ الاسلام ابن تيمية» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1-توم، 88-بېتىگە قارالسۇن.

پاك، ئاقكۆڭۈل، ھېچكىمگە ئازار بەرمەيدىغان كىشى ئىدى»[①].

ئىمام ئابدۇللاھ يافىئىي ئەللامە خوتەنىينى: مۇھەددىس، ئىمام، ئۇستاز دەپ سۈپەتلىگەن، ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ئۇ (يەنى ئەللامە خوتەنىي) تەقۋادار، ئېتىقادلىق، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، گۈزەل خىسلەتلىرى كۆپ كىشى ئىدى[②].

ئىمام زەھەبىي ئەللامە خوتەنىينى: فەقىھ، مۇھەددىس، پۇختا بىلگۈچى، سالىھ، تەقۋادار، ئۇستاز دەپ سۈپەتلىگەن[③]. ئىمام زەھەبىي يەنە مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ئەسەرلەردە ئەللامە خوتەنىينى گۈزەل خىسلەتلىرى بىلەن سۈپەتلىگەن[④].

ئىمام ئىبنى كەسىر ئەللامە خوتەنىينى: سالىھ، ئۇستاز دەپ سۈپەتلىگەن[⑤]. ئىمام ئىبنى ھەجەر ئۇنى: زاھىد، فەقىھ دەپ سۈپەتلىگەن[⑥].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىمام ئىبنى ناسىر دەمەشقىي، ئىمام سەفەدىي، ئىمام ئىبنى ۋەردىي، ئىمام ھىجرانىي ھەزرەمىي، ئىمام ئىبنى ئىماد قاتارلىق ئىماملارمۇ ئەللامە خوتەنىينى ھەرخىل گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن.

### ئەللامە خوتەنىينىڭ ئەسەرلىرى

ئىمام زەھەبىي ئەللامە خوتەنىينىڭ ھەدىسكە ئائىت بۆلۈنمە ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ[⑦]. لېكىن بۇ ئەسەرلەر تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا زايا بولۇپ كەتكەنمۇ ياكى بىزگىچە يېتىپ كەلگەنمۇ بۇ ھەقتە مەلۇماتىمىز يوق.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەللامە خوتەنىي ئەسەر يېزىشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆچۈرگەن. ئۇنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ كۆچۈرگەن ئەسەرلىرىدىن ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغىنى: مەشھۇر ئالىم ئىبنى ئەساكىرنىڭ (1105 ـ 1176) «**الأربعون البلدانية**» دېگەن ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسىدۇر. بۇ قولىيازما ئەللامە خوتەنىينىڭ ئۆز خېتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، قولىيازمىنىڭ مۇقاۋىسىدا فەقىھ، سالىھ، قارائەت ئۇستازى، ئەبۇلھەسەن ئەلى ىبن مۇھەممەد بىن ئابدۇللا خوتەنىي دېگەن ئىسىم ئوچۇق يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى بېتىگىمۇ: بۇنى يازغان ئاجىز بەندە ئەلى بىن مۇھەممەد خوتەنىي (ئاللاھ ئۇنى تونغرىلاپ قويسۇن) دەپ يېزىلغان.

بۇ قولىيازمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ

---

[①] ئىمام بىرزالىي: «المقتفى»، 2 ـ جىلد، 257 ـ بەت.
[②] ئىمام ئابدۇللاھ يافىئىي: «مراة الجنان»، 4 ـ جىلد، 193 ـ بەت.
[③] ئىمام زەھەبىي: «المعجم المختص بالمحدثين»، 90 ـ بەت.
[④] ئىمام زەھەبىي: «المعين في طبقات المحدثين»، 226 ـ بەت؛ ئىمام زەھەبىي: «تذكرة الحفاظ»، 4 ـ جىلد، 1505 ـ بەت.
[⑤] ئىمام ئىبنى كەسىر: «البداية والنهاية»، 18 ـ جىلد، 170 ـ بەت.
[⑥] ئىمام ئىبنى ھەجەر: «الدرر الكامنة»، 3 ـ جىلد، 110 ـ بەت.

[⑦]. ئىمام زەھەبىي: «تذكرة الحفاظ»، 4 ـ جىلد، 1505 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قولیازما ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئىمام ئىبنى ئەساكىرنىڭ ئۆزىنىڭ كۆچۈرگەن قولیازمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان.

ئەللامە خوتەنىي بۇ قولیازمىنى ھىجرىيە 686 ـ يىلى رامىزاندا (مىلادىيە1287 ـ يىلى ئۆكتەبىر) دەمەشىق جامەسىدە كۆچۈرۈپ بولغان بولۇپ، بۇ قولیازما، ئەسەرنىڭ ئىمام بىرزالىي كۆچۈرگەن نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن.

بۇ قولیازمىنىڭ ھەر بېتى 17 قۇر بولۇپ، ھەر قۇردا تەخمىنەن 9 سۆز بار.

بۇ قولیازما 41 ۋاراق بولۇپ، ياخشى ساقلانغان، خەتلىرى ئېنىق. قولیازمىدا 13 ـ ئەسىرنىڭ خەت ئۇسلۇبى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ قولیازمىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا 587 ـ نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن بىر نۇسخىسى ئىيوردانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا 31 ـ نومۇر بىلەن ساقلانماقتا[1].

بۇ قولیازمىنى ئابدۇلھاج مۇھەممەد نەشرگە تەييارلىغان بولۇپ، لۇۋان «المكتب الاسلامي» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىل تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان[2].

ئەللامە خوتەنىي كۆچۈرگەن بۇنىڭدىن باشقا قولیازمىلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردا ياكى شەخسلەرنىڭ قوللىرىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئاخىردا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، بەزى مەنبەلەردە ئەللامە خوتەنىينىڭ نەسەبى ۋە تەۋەلىك ئىسمىدا ئوخشىماسلىقلار بولۇپ[3]، ئىمام ئىبنى ناسىر دەمەشقىي ۋە ئىمام ئىبنى ھەجەرلەر ئەللامە خوتەنىينىڭ تەۋەلىك ئىسمىنىڭ توغرىسىنىڭ «خوتەنىي» ئىكەنلىكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرگەن[4].

ئىمام ئىبنى ناسىر دەمەشقىي خوتەنىنىڭ قەشقەرگە يېقىن شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ يەنە ئەللامە خوتەنىينىڭ نەسەبىنى ئەلى بىن ئەھمەد بىن ئابدۇللا بىن مۇھەممەد خوتەنىي شافىئىي دەپ ئالغانلارنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى، لېكىن توغرىسىنىڭ ئەبۇلھەسەن ئەلى بىن مۇھەممەد خوتەنىي ئىكەنلىكىنىمۇ تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە ئەللامە خوتەنىينىڭ نەسەبىنى مۇشۇنداق يازغان قولیازمىسىنى تاپقانلىقىنى سۆزلىگەن. شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ

---

[1] ئىمام ئىبنى ئەساكىر: «الأربعون البلدانية»، 9 ـ ۋە 10 ـ بەتلەر.

[2] بۇ قولیازمىنى يەنە مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد ئىبراھىم خوتەنىينىڭ شاگىرتى مۇھەممەد مۇتىئى ھافىزمۇ نەشرگە تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان.

[3] . بىر قىسىم مەنبەلەردە ئەللامە خوتەنىينىڭ «خوتەنىي» دېگەن تەۋەلىك ئىسمىنىڭ ئورنىغا «جۇبۇنىي»، «ھۇسنىي»، «ئەلمۇنتەزىھ» دېگەندەك ئىسىملار ئېلىنغان. (قارالسۇن: ئىمام ئىبنى كەسىر: «البداية والنهاية»، 18 ـ جىلد، 170 ـ بەت؛ ئىمام ئىبنى ئىماد: «شذرات الذهب»، 8 ـ جىلد، 81 ـ بەت).

[4] . ئىمام ئىبنى ھەجەر: «تبصير المنتبه»، 1 ـ جىلد، 300 ـ بەت؛ ئىمام ئىبنى ناسىردىن دەمەشقىي: «توضيح المشتبه»، 2 ـ جىلد، 210 ـ ۋە 211 ـ بەتلەر.

نەسەبىنى ئەلى بىن ئەھمەد خوتەنىي دەپ ئالغان بۇ كىشىنىڭ ئەللامە خوتەنىي ئەمەس بەلكى باشقا ئادەم بولۇش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمىغان[①].

ئاللاھ تائالادىن بۇ بۈيۈك ئالىمىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ، ئەجىر ئەزىم ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**

• دوكتور ئىبراھىم ساندۇقچى تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «**المسائل الفقهية**» دېگەن ئەسىرى، مەدىنە «**مكتبة العلوم والحكم**» نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• ئەبۇ ھاجىر مۇھەممەد سەئىد زەغلۇل تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىينىڭ «**ذيول العبر**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**دار الكتب العلمية**» نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• مەھمۇد ئەرنائۇت تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ئىبنى ئىمادنىڭ «**شذرات الذهب**» دېگەن ئەسىرى، دەمەشىق «**دار ابن كثير**» نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور ئەلى ئەبۇزەيد قاتارلىقلار تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام سەفەدىينىڭ «**أعيان العصر**» دېگەن ئەسىرى، دەمەشىق «**دار الفكر**» نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• بوجۇمئە قاتارلىقلار تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ھىجرانىي ھەزرەمىينىڭ «**قلادة النحر**» دېگەن ئەسىرى، جىددە «**دار المنهاج**» نەشرىياتى 2008 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• ئەلى مۇھەممەد تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «**تبصير المنتبه**» دېگەن ئەسىرى، مىسىر «**الدار المصرية**» نەشرىياتى 1967 - يىل نەشرى.

• ئىمام ئىبنى ھەجەرنىڭ «**الدرر الكامنة**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**دار احياء التراث العربي**» نەشرىياتى نەشرى.

• ئەھمەد ئەرنائۇت قاتارلىقلار تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام سەفەدىينىڭ «**الوافي بالوفيات**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**دار احياء التراث العربي**» نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور ئابدۇللاھ تۈركىي تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «**البداية والنهاية**» دېگەن ئەسىرى، جىزە «**دار هجر**» نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور ئۆمەر ئابدۇسسالام تەدمۇرىي تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان

---

[①]. ئىمام ئىبنى ناسىرۇددىن دەمەشقىينىڭ «توضيح المشتبه» دېگەن ئەسىرىنىڭ 2 - جىلد، 210 - ۋە 211 - بەتلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىمام بىرزالىنىڭ «**المقتفى**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**المكتبة العصرية**» نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور ئۆمەر ئابدۇسسالام تەدمۇري تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىنىڭ «**تاريخ الإسلام**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**دار الكتاب العربي**» نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• خەلىل مەنسۇر تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان، ئىمام ئابدۇللاھ يافئىينىڭ «**مراة الجنان**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**دار الكتب العلمية**» نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• مۇھەممەد نۇئەيم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ئىبنى ناسىرۇددىن دىمەشقىينىڭ «**توضيح المشتبه**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**مؤسسة الرسالة**» نەشرىياتى.

• مۇھەممەد سەئىد زەغلۇل تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىنىڭ «**المعين في طبقات المحدثين**» دېگەن ئەسىرى، لىۋان «**دار الكتب العلمية**» نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور مۇھەممەد ئەلھەبىب تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىينىڭ «**المعجم المختص بالمحدثين**» دېگەن ئەسىرى، تائىف «**مكتبة الصديق**» نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور روھىيە ئابدۇراھمان تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىينىڭ «**معجم شيوخ الذهبي**» دېگەن ئەسىرى، تائىف «**مكتبة الصديق**» نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• ئابدۇراھمان يەھيا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام زەھەبىينىڭ «**تذكرة الحفاظ**» دېگەن ئەسىرى، ھىندىستان «**دائرة المعارف العثمانية**» نەشرىياتى 1958 ـ يىل نەشرى.

• ئابدۇلھاج مۇھەممەد تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ئىمام ئىبنى ئەساكىرنىڭ «**الأربعون البلدانية**» دېگەن ئەسىرى، بەيرۇت «**المكتب الاسلامي**» نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، بىرىنچى باسمىسى.

• دوكتور ئابدۇراھمان بىن ئابدۇجاببارنىڭ «**شيخ الاسلام ابن تيمية**» دېگەن ئەسىرى «**دار العاصمة**» نەشرىياتى.


• سامىي بىن مۇھەممەد سەلامە تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان، ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ «**تفسير القرآن العظيم**» دېگەن ئەسىرى، رىياز «**دار طيبة**» نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، ئىككىنچى باسمىسى.

قوشۇمچە:


ئەللامە خوتەنىي ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن قولىيازمىنىڭ مۇقاۋا بېتىنىڭ سۈرىتى:


كتاب الاربعين
عن اربعين عن اربعين لاربعين واربعين

ئەللامە خوتەنىي ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ سۈرىتى:


والحمد لله وحده
وصلواته على خير خلقه محمد نبيه واله
وصحبه وسلم تسليما كثيرا
كتبه العبد الضعيف
علي محمد الختني

ئەللامە خوتەنىي ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرگەن قولىيازمىنىڭ ھازىرقى زامان نەشرىنىڭ 31 ـ بېتىنىڭ سۈرىتى:


كتاب الأربعين
عن أربعين من أربعين لأربعين في أربعين

تأليف
الإمام الحافظ، محدث الشام، ناصر السنة
أفضل المتأخرين، أوحد العلماء، ثقة الدين
أبي القاسم علي بن الحسن بن هبة الله بن عبدالله
ابن الحسين بن عساكر الدمشقي الشافعي
قدس الله روحه، ونوّر ضريحه

رواية الشيخين
العدل أبي المكارم
عبد الواحد بن عبد الرحمن بن هلال الأزدي
والمقرىء أبي بكر
عتيق بن أبي الفضل بن سلامة السَّلْماني
كلاهما عنه

رواية الشيخ
أبي علي الحسن بن علي بن أبي بكر
ابن الخلّال الدمشقي عنهما
سماع صاحبه الفقيه الصالح المقرىء
أبي الحسن علي بن محمد بن عبدالله الختنيّ منه

- ٣١ -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 |
| شۋىتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋىتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇرازاق قارىم | 00905468720476 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| سەئۇدىي ئەرەبىستان | ياسىن ئابدۇلھەكىم | 00966532071205 |